مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىستاقانلىرى

# كۇڭزى مۇنداق دەيدۇ

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تەرجىمان: ئادىل مۇھەممەت
تەرجىمان: ئۆمەرجان نۇرى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون - ئۈن - سىن نەشرىياتى

## تۈزگۈچىدىن

كۇڭزى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇر ۋە ئۇلۇغ مائارىپچى بولۇپ، ئۇ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 551 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 479 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ زور تىرىشچانلىق بىلەن بىلىم ئىگىلەپ، خېلى كەڭ دائىرىدە ئاقارتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. نەتىجىدە كىشىلەر تەرىپىدىن يۇكسەك دەرىجىدىكى بىلىم ئىگىسى، بۈيۈك ئۇستاز دەپ قارىلىپ، چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ئەسىرى دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، كۇڭزى ئىدىيىسى بىلەن تونۇشۇپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيمىز.


图书在版编目(CIP)数据

孔子说:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐: 新疆美术摄影出版社: 新疆电子音像出版社,2008.8
(哲人之言丛书)
ISBN 978—7—80744—435—0

Ⅰ.孔... Ⅱ.阿... Ⅲ.孔丘（前 551～前 479)—语录—维吾尔语 Ⅳ(中国少数民族语言) Ⅳ.B222.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 129843 号

丛 书 名　哲人之言丛书
本册书名　孔子说
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　著　吾买尔江·努日
特约编辑　哈斯亚提·依不拉音
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市西虹西路 36 号
邮　　编　830000
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新博文印刷有限责任公司
开　　本　880mm×1230mm 1/32
印　　张　3 印张
字　　数　51 千字
版　　次　2008 年 8 月第 1 版
印　　次　2008 年 8 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978—7—80744—435—0
定　　价　9.90 元
（书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系）

1

ئالىيجانابلار دائىم ئەخلاقا سېغىنىدۇ. پەسەندىلەر دائىم يۇرتنى سېغىنىدۇ. ئالىيجانابلار قانۇنغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، پەسەندىلەر شەخسىي مەنپەئەتنىلا ئويلايدۇ.

2

ھەممە ئىشتا ئۆز مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ ھەرىكەت قىلسا، ئاسانلا نۇرغۇن نەپرەت ـ قارغىشقا دۇچار بولىدۇ.

3

يوسۇن بويىچە ئەلنى ئىدارە قىلىشتا يەنە نېمە قىيىنچىلىق بار؟ يوسۇن بويىچە ئەلنى ئىدارە قىلالمىسا، يوسۇننىڭ نېمە كېرىكى؟

4

سالاھىيەتنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرىمەي، سالاھىيەتكە يارىشا ئىقتىدارىڭنىڭ يوقلۇقىدىن ئەنسىرە. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى بىلمەسلىكىدىن قورقمىغاندا، باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى چۈشىنىشكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

5

مېنىڭ تەلىماتىمنى بىر ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ بولسىمۇ ساداقەت بىلەن مەغپىرەت قىلىشتۇر.

6

ئالىيجانابلارنىڭ چۈشىنىدىغىنى ھەقىقەت، پەسەندىلەرنىڭ بىلىدىغىنى شەخسىيەت.

7

ئاقىللارنى كۆرگەندە ھەممەيلەننىڭ ئۇنىڭغا يۈزلەنگۈسى كېلىدۇ. نادانلارنى كۆرگەندە قەلبىڭلاردىن





ئۆيلىنىپ بېقىڭلار.

8

ئاتا ـ ئاناڭلارنى ئوبدان كۈتۈڭلار، ئەگەر ئۇلار خاتا ئىش قىلماقچى بولسا، سىپايىلىك بىلەن توسۇپ قېلىڭلار، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭلار قۇلاق سالمىسا، يەنىلا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈڭلار، خاپا قىلىپ قويماڭلار؛ قەلبىڭلار ئازابلانسىمۇ، ئاتا ـ ئاناڭلاردىن قىلچە زارلانماڭلار.

9

ئاتا ـ ئانىسى ھايات ۋاقىتتا، پەرزەنتى يىراق سەپەرگە چىقماسلىقى، چوقۇم سەپەرگە چىقىش توغرا كەلسە، بارار مەنزىلى ئېنىق بولۇشى كېرەك.

10

ئاتا ـ ئانىنىڭ يېشىنى دائىم كۆڭلىدە ساقلىماق لازىم. بىر تەرەپتىن، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقىدىن شادلىنىش، يەنە بىر جەھەتتىن،

ئۇلارنىڭ كۆنسايىن قېرىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەش كېرەك.

11

قەدىمكىلەر ئاسانلىقچە گەپ قىلماپتىكەن، چۈنكى ئۇلار ھەرىكىتىمىز بىلەن تىلىمىز ماس كەلمىسە شەرمەندە بولىمىز، دەپ قاراپتىكەن.

12

ئىقتىساد قىلىمەن، دەپ خاتا ئىش قىلىش تولىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

13

ئالىيجانابلار سۆزدە ئېھتىياتچان، سەمىمىي، ئىشتا تىرىشچان، چەبدەس بولۇشى كېرەك.

14

ئەخلاقلىق كىشى يېگانە قالمايدۇ، چوقۇم باشقىلار ئۇنىڭغا يېقىنلىشىدۇ.





15

كۆڭزى تالىپى گۇڭ يېچاڭغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «مەن قىزىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلسام بولىدۇ. ئۇ گەرچە ھەپسىگە چۈشكەن بولسىمۇ، بۇ ئۇنىڭ گۇناھى ئەمەس.» شۇنىڭ بىلەن كۆڭزى قىزىنى گۇڭ يېچاڭغا ياتلىق قىلغان.

16

كۆڭزى تالىپى نەن رۇڭغا باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «دۆلەتنىڭ سىياستى ئوچۇق بولغاندا، ئۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلمايدۇ. دۆلەتنىڭ سىياستى زۇلمەت بولغاندىمۇ ئۇ جازاغا ئۇچرىمايدۇ.» شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىيەن قىزىنى نەن رۇڭغا ياتلىق قىلغان.

17

كۆڭزى تالىپى زى جىئەنگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ كىشى ئالىيجاناب شەخس، ئەگەر لۇ بەگلىكىدە ئالىيجانابلار بولمىغان بولسىدى، ئۇ بۇنداق پەزىلەتكە قانداق ئېرىشەتتى؟»

## 18

تالىپ زەي يۇ كۇندۇزدىمۇ ئۇخلايدىكەن. شۇڭا كۇڭزى مۇنداق دېگەن: «پور ياغاچقا نەقىش ئويغىلى بولمايدۇ. قىغدا سۇۋالغان تامنى ئاقارتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، زەي يۈنى نېمىدەپ ئەيىبلىگۈلۈك؟ مەن ئىلگىرى بىرەرى بىلەن تونۇشسام، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ھەرىكىتىگە ئىشىنەتتىم. ھازىر بولسا سۆزىنى ئاڭلايمەن، ھەرىكىتىنى كۆزىتىمەن. بۇ ئادەتنى مەن زەي يۈنىڭ ئەھۋالىنى بايقىغاندىن كېيىن يېتىلدۈردۇم.»

## 19

مەن ئىرادىسى تەۋرەنمەس ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. شەخسىيەتچىلىكى كۈچلۈك ئادەم ئىرادىسى تەۋرەنمەس ئادەم بولالمايدۇ.

## 20

كۇڭزى تالىپى زى چەنگە باھا بېرىپ مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭدا ئالىيجانابلاردىكى تۆت پەزىلەت بار،





يەنى ئۆز ھەرىكىتىنى كۆز ـ كۆز قىلمايدۇ، بەگنى كۇتۇشتە ئېھتىياتچان، پۇقرالارغا شەپقەت قىلىدۇ، پۇقرالارنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلىتىدۇ.»

## 21

مەرھۇم جى مىرزا يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسەتتى، كۇڭزى بۇنىڭغا قارىتا مۇنداق دېگەن: «ئىككى رەت ئويلىنىپ كەسسىمۇ بولىدۇ.»

## 22

بويى، شۇچى ئاغا ـ ئىنى ئىككىسى ئىلگىرىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى سۈرۈشتۈرۈشمىدى. شۇڭا، ئۇلارغا ئاداۋەت تۇتىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

## 23

ۋېي شېڭگاۋنى كىم ئاق كۆڭۈل دېمەيدۇ؟ بىرى ئۇنىڭدىن ئاچچىقسۇ تىلىسە، يوق دەپ جاۋاب بېرىپ بولۇپ، قوشنىسىدىن تىلەپ كىرىپ، ئۇ كىشىگە بېرىپتۇ.

## 24

شېرىن سۆز، ياغلىما گەپ، ھېجىيىپ تۇرغان خۇشامەت چىرايىنى، زىيادە تەكەللۇپىنى روچۇمىلىق نومۇس دەپ قارايدىكەن، مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. قەلبىدە ئۆچمەنلىك بولسىمۇ، باشقىلار بىلەن ساختا دوستانە بولۇشتەك قىلىقنى روچۇمىلىق نومۇس دەپ قارايدىكەن، مەنمۇ شۇ.

## 25

بولىدىلا، مەن تېخى ئۆز خاتالىقىنى تونۇپ، قەلبىدىن ئۆزىنى ئەيىبلىگەن كىشىنى ئۇچراتمىدىم.

## 26

ئون تۇتۇن بار جايدىمۇ چوقۇم ساداقەت ۋە سەمىمىيەتتە مەندەك كىشىلەر تېپىلىدۇ. پەقەتلا ئىلىمنى سۆيۈشتە ماڭا يەتمەسلىكى مۇمكىن، خالاس.

## 27

تالىپىم يەن خۇي نېمىدېگەن ئاقىل، پازىل كىشى — ھە! بىر پۇللۇق تاماق، بىر نوگاي سۇغا شۈكۈر قىلىپ بىر خالتا كوچىدا تۇرۇۋېتىپتۇ. باشقىلار چىدىيالمىغان نامراتلىقنىڭ غەم— ئەندىشىسىگە يەن خۇي ئىلگىرىكى خۇشلۇقنى يوقاتماي تۇرۇپتۇ. شۇڭا، يەن خۇي نېمىدېگەن ئاقىل، پازىل — ھە!

## 28

كۇڭزى تالىپى زىشياغا مۇنداق دېگەن: «سەن ئەخلاق تەربىيىسى ئالغان ئالىيجانابلاردەك ئالىم بول، پەسەندىلەردەك تالىپ بولۇپ قالما.»

## 29

مېڭ جىخەن ئۆزىنى ماختىمايدىكەن.

چى بەگلىكىگە قارشى ئۇرۇشتا ئوڭ قانات قوشۇنى تارمار بولغاندا، ئۇ ئەڭ ئاخىردا مېڭىپ، پۈتۈن قوشۇننى ھىمات قىپتۇ. شەھەرگە كىرگەندە كىشىلەر ئۇنى ئالقىشلاپ ماختىسا، ئۇ ئۆزىنى كەمتەر تۇتۇپ: «مېنىڭ ھىماتچى بولغۇم بارلىقىدىن ئەمەس، ئېتىم چاپماس بولغانلىقىدىن ھەممىنىڭ ئاخىرىدا قالدىم» دەپتۇ.

## 30

ئەگەر چۇتۇدەك ناتىقلار، سۆك بەگلىكىنىڭ بەگزادىسىدەك كېلىشكەن كىشىلەر بولمىسا، بۇ ئالەم بالايىئاپەت ئىچىدە قېلىشى مۇمكىن.

## 31

قايسى كىشى ھۇجرا ئىشىكىدىن ئۆتۈپ، ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئۆتمەي چىقىپ كېتەلەيدۇ، مېنىڭ يولۇمدىن نېمىشقا ھېچكىم ماڭمايدۇ؟

## 32

ئەگەر كىشىنىڭ ماھىيىتى ئەدەبىي ئىقتىدارىنى بېسىپ چۈشسە، تومپاي، ياۋايى كۆرۈنىدۇ. ئەدەبىي ئىقتىدارى ماھىيىتىنى بېسىپ چۈشسە، ھەشەمەتخور، سۆلەتۋاز كۆرۈنىدۇ. ماھىيەت بىلەن ئەدەبىي ئىقتىدار ماسلاشسا، ئاندىن ئالىيجاناب بولالايدۇ.

## 33

دۇرۇس ئادەم بۇ ئالەمدە دۇرۇسلۇقتا تايىنىپ





ياشايدۇ. نادۇرۇس كىشىلەرمۇ بۇ ئالەمدە مەۋجۇت بولۇپ قالىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تەلىيى كېلىپ بالايىئاپەتتىن ساقلىنىپ قالغانلىقىدىندۇر.

## 34

ھەرقانداق ئىلىم ياكى كەسىپنى بىلگەن كىشى ئامراق كىشىگە يەتمەيدۇ. ئامراق كىشى يەنە تەتقىق قىلىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان كىشىگە يەتمەيدۇ.

## 35

ئوتتۇرىھال سەۋىيىدىكى كىشى ھېكمەت ھەققىدە ئېغىز ئاچسا بولىدۇ. ئوتتۇرىھالدىن تۆۋەن سەۋىيىدىكى كىشى ھېكمەت ھەققىدە ئېغىز ئاچسا بولمايدۇ.

## 36

بىرى: «سىلى نېمىشقا ئەمەلدار بولۇپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئىشتىراك قىلمايلا؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: <نەسرنامە> دە ساداقەتمەنلىك بولسا، ئاتا ـ ئانىغا ساداقەتمەن بولۇش، ئاغا ـ ئىنىلىرىگە مېھىر ـ مۇھەببىتىنى

بىرىش ھەم بۇخىل پەزىلەتنى سىياسىي ئىشلارغىمۇ ئىشلىتىش دېگەنلىك، دېيىلگەن. بۇمۇ ھاكىمىيەتكە ئىشتىراك قىلىش ھېسابلىنىدىكەن. ئۇنداقتا، مەن قانداق قىلسام ھاكىمىيەتكە ئىشتىراك قىلغان بولىمەن؟»

37

ئاقىللار سۇنى ياخشى كۆرىدۇ. مېھرىبان كىشىلەر تاغنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاقىللار دائىم پائالىيەت قىلىپ تۇرىدۇ، ئاقىللارنىڭ كەيپىياتى خۇش ھال بولىدۇ. مېھرىبان كىشىلەر ساغلام بولۇپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدۇ.

38

ئەگەر چى بەگلىكىدە سىياسىي ۋە مائارىپ ئىسلاھاتى بولسا، لۇ بەگلىكىنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىدۇ. لۇ بەگلىكىدە سىياسىي ۋە مائارىپ ئىسلاھاتى بولسا، مەرھۇم خانلار يۈرگۈزگەن رەھىمدىل سىياسەتكە ماس بولىدۇ.

39

«ئەگەر بىرى رەھىمدىل كىشىگە بىر رەھىمدىل





قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى دېسە، رەھىمدىل كىشى قۇدۇققا سەكرەرمۇ؟» دەپ سوراپتۇ تالىپى زەي ۋو كۆڭزىدىن. كۆڭزى مۇنداق دەپتۇ: «نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟ ئالىيجاناب كىشى بىر ئامال قىلىپ قۇدۇقتىكى كىشىنى قۇتقۇزىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئۇنى قۇدۇققا چۈشۈرۈۋەتمەيدۇ. ئالىيجانابلار ئالدانسا مەيلىكى، ئەخمەق قىلىنىشقا بولمايدۇ.»

40

ئالىيجانابلار كەڭ دائىرىدە بارچە ئىلىمنى تەھسىل قىلىشى ھەم يوسۇن ئارقىلىق ئۆزىنى ئىدارە قىلىشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئالىيجانابلار خىسلىتىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ.

41

مۆرەسسە ــ مادارا بىر خىل ئەخلاق بولۇپ، ئەڭ يۈكسەك بولۇشى كېرەك. بىراق كىشىلەردە بۇنداق پەزىلەت كەمچىل بولۇپ قالغىلى خېلى ئۇزۇن بولۇپ قالدى.

## 42

ئەنئەنىۋى تەلىماتلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېڭى ئەقىدە ياراتماسلىق، قەدىمكى قانۇنىيەتلەرگە ئامراق بولۇپ ئېتىقاد قىلىشتا، مېنى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى لاۋ پېڭ مىرزا بىلەن سېلىشتۇرسا بولىدۇ.

## 43

كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى كۆڭلىدە ساقلاش، تىرىشىپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئىلىمنى تاشلاپ قويماسلىق، باشقىلارغا ئۆگىتىپ ھارماسلىق، مەن بۇلاردىن قايسىسىنى قىلالىدىم؟

## 44

پەزىلىتىنى مۇستەھكەملىمەسلىك، ئىلىمدە تەتقىق قىلماسلىق، تەرىقەتكە ماسلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قوغلاشماسلىق، كەمچىلىكىنى تۈزىتىشكە جۈرئەت قىلماسلىق قاتارلىقلار مەن ئەندىشە قىلىۋاتقان ئىشلارغۇ!





## 45

ۋەزىر جى كاڭزى: «پۇقرالارنى ئىتائەتچان، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىشلەيدىغان، بىر ـ بىرىگە ھەمدەم بولىدىغان قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «خەلقنىڭ ئىشلىرىغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارمۇ سىلىنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا ئەستايىدىل بويسۇنىدۇ، سىلى ئاتا ـ ئانىلىرىغا ساداقەتمەن، كىچىكلەرگە مېھرىبان بولسىلا، ئۇلارمۇ سىلىگە ساداقەتمەن بولىدۇ. سىلى پەزىلەتلىك كىشىنى ئۆستۈرۈپ ۋەزىپىگە قويسىلا، ئىقتىدارى ناچار كىشىلەرگە تەربىيە بەرسىلە، ئۇلارمۇ بىر ـ بىرىگە يار ـ يۆلەك بولىدۇ.»

## 46

ئىرادە تەرىقەتتە، ئاساسى پەزىلەتتە، تايانچىسى رەھىمدىللىكتە، كۆڭۈل خۇشى ھۇنەر ـ سەنئەتتە بولۇشى كېرەك.

47

كۇڭزى مۇسىبەتلىك كىشىنىڭ يېنىدا غىزالانغاندا تويۇپ باقمىغانىكەن.

48

كۇڭزى ماتەم كۈنى بىر كۈن يىغلىغان ھەم شۇ كۈنى بىر كۈن ناخشا ئېيتماپتىكەن.

49

كۇڭزى تالىپى يەن يۈەنگە مۇنداق دېگەن: «مېنى ئىشلەتكۈچىلەر بولسا تەشەببۇسلىرىمنى ئىجرا قىلىمەن، مېنى ئىشلەتمىسە، يوشۇرۇپ قالىمەن. بۇ ئىشتا پەقەت مەن بىلەن سەنلا شۇنداق قىلالايمىز.»

50

تالىپى زى لۇ كۇڭزىدىن سوراپتۇ: «ئەگەر سىلىنى لەشكەرلەرگە سەركەردە قىلىپ تەيىنلىسە، كىم بىلەن ھەمكارلىشار ئىدىلە؟»

كۇڭزى مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ: «قۇرۇق قول





يولۋاس بىلەن ئېلىشالايدىغان، پىيادە تاغۇ دەريادىن كەچسىمۇ پۇشايمان يېمەيدىغان كىشى بىلەن ھەرگىز ھەمكارلاشمايمەن. مەن بىلەن ھەمكارلىشىدىغان كىشى چوقۇم ئىشتىن ئاۋۋال ئېھتىياتچان بولۇشى، تەدبىرگە ماھىر، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغان كىشى بولۇشى كېرەك.»

51

ئەگەر مال ــ دۇنيانى تىلەپ تاپقىلى بولىدىغان بولسا، ئۇنداق پەس خىزمەتنى قىلىشنى مەنمۇ خالايمەن. ئەگەر تىلەپ تاپقىلى بولمىسا، مەن يەنىلا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن ئىشنى قىلىۋېرىمەن.

52

كۇڭزى پەرھىز، ئۇرۇش ۋە ئاغرىق ــ سىلاقا ئېھتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلغان.

53

ئەگەر ئۆمرۈم ئۇزىراپ، نەچچە يىل ئارتۇق ياشىيالىسام، ئەللىك ياشقا كىرگەندە «پالنامە» نى

ئۆگىنىمەن. شۇنى قىلسام ھەر ئىشتا خاتالىشىپ قالمايتتىم.

54

كۆڭزى بەزىدە ئۆلچەملىك سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق ئىكەن، «نەزمنامە»، «نەسرنامە» نى ئوقۇغاندا، يوسۇن ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆلچەملىك تىل قوللىنىدىكەن (كۆڭزى شەندۇڭ شىۋىسىدە سۆزلەيدىغان كىشى).

55

مەن تۇغما بىلىمدار ئەمەس، مەن قەدىمىي مەدەنىيەتلەرگە ئامراق، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىجتىھات بىلەن تەپەككۇر قىلىپ بىلىمدار بولغان.

56

كۆڭزى ئەزەلدىن غارايىبات، كۈچتۈڭگۈر، توپىلاڭ، جىن ـــ ئالۋاستى ھەققىدە سۆھبەتلەشمىگەن.

57

ئۈچ كىشى سەپەرداش بولۇپ ماڭسا، چوقۇم بىرى





ماڭا ئۇستاز بولالايدۇ. مەن ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى تاللىۋېلىپ ئۆگىنىمەن. ئۇلاردىكى كەمچىلىكتىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنى تەكشۈرىمەن ھەم كەمچىلىكىمنى تۈزىتىمەن.

58

ماڭا مۇشۇنداق پەزىلەت ئاتا قىلىنغانىكەن، رەقىبىم يۈەن تۇي مېنى نېمە قىلالايتتى؟!

59

تالىپلىرىم، سىلەر مېنى بىر نەرسىنى سىر تۇتۇۋاتىدۇ، دەپ قارامسىلەر؟ مېنىڭ سىلەردىن سىر تۇتقۇدەك ئىشىم يوق. مېنىڭ سىلەرگە ئاشكارا قىلمىغۇدەك نېمە ئىشىم بار؟ بۇ دېگەن مېنىڭ كۆڭزى بولغانلىقىمدىندۇر.

60

كۆڭزى تالىپلىرىنى دەستۇر ـــ كالام، ئەخلاق ئەمەلىيىتى، ساداقەتمەنلىك ۋە ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىش ئارقىلىق تەربىيىلىگەن.

61

مەن ئەۋلىيا ئۇچرىتىپ باقمىدىم، ئالىيجاناب كىشىنى ئۇچرىتالىسام كۇپايە. مەن ئەۋلىيا ئۇچرىتىپ باقمىدىم، دىيانىتى مۇستەھكەم كىشىنى ئۇچرىتالىسام كۇپايە. يوق بولسىمۇ بار قىلىپ كۆرسىتىدىغان، يالغان بولسىمۇ راست قىلىپ كۆرسىتىدىغان، نامرات بولسىمۇ ئۆزىنى باي كۆرسىتىدىغان، كەمبەغەل تۇرۇپ ھەشەمەتچىلىك قىلىدىغان بۇنداق كىشىلەرنىڭ دىيانىتىنى ساقلىيالىشى تەس.

62

كۇڭزى بوغقۇچىسى يوق توردا بېلىق تۇتمايدىكەن. يىپ ئۇلاپ قويغان ئوق بىلەن قۇش ئاتىدىكەن. ئۇۋىسىغا قايتىپ كەلگەن قۇشنى ئاتمايدىكەن.

63

بىر خىل ئۆزى بىلمىسىمۇ، يانپېشىغا ئۇرۇپ ئىجاد قىلغىلى بولىدىغان ئىشلار بار ئىكەن. مەندە





ئۇنداق ئەيىب يوق. مەن ھەممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ ياخشىسىنى تاللىۋېلىپ ئۆگىنىمەن، كۆپ كۆرۈپ ھەممىنى ئەستە ساقلايمەن. بۇنداق ئۆگەنگەن بىلىم بىلگەن بىلىمدىنلا كېيىن تۇرىدۇ.

64

بىز ئۆسمۈرلەرنىڭ ئالغا بېسىشىنى قوللاپ، چېكىنىشىنى قوللىمايمىز. بۇنداق قىلىش ھەددىدىن ئاشقانلىق بولماس؟ باشقىلار پاك ـ پاكىز يېغىشتۇرۇپ كەلسە، ئۇنىڭ پاكىزلىقىنى قوللاش كېرەك، ئۆتمۈشىگە ئېسىلىۋېلىپ قويۇۋەتمەي تۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ.

65

رەھىمدىللىك شۇنچە يىراقمۇ؟ رەھىمدىللىكنى قوغلاشساملا، دەرھال كېلىدۇ.

66

كۇڭزى باشقىلار بىلەن ناخشا ئېيتسا، باشقىلارنىڭ ئوبدان ئېيتىدىغانلىقىنى كۆرسە، چوقۇم

باشقىلارنى يەنە بىر رەت ئىپتىشقا تەكلىپ قىلىدىكەن، ئارقىدىن ئۆزى ئەگىشىپ ئىپتىدىكەن.

67

ئىلىمدە مەن باشقىلار بىلەن باراۋەر كېلىمەن، جىسمانىي جەھەتتە ئالىيجاناب بولغۇدەك ھالەتكە يەتمىدىم.

68

ئەۋلىيا بىلەن رەھىمدىللىكە كەلسەم، مېنىڭ ئۇنداق ئاتىلىشىم ھەددىم ئەمەس. بىراق، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتتە زېرىكمەسلىك، باشقىلارنى تەربىيىلەشتە ھارماسلىقتا ھېسابقا ئۆتەلىسەم يېتەرلىك.

69

ئىسراپخورلۇق، تەكەببۇرلۇق كىشىنى مەغرۇر كۆرسىتىدۇ. ئاددىي — ساددىلىق بولسا كىشىنى چۈپەي كۆرسىتىدۇ. تەكەببۇر بولغاندىن نادان بولغان تۈزۈك.

70

ئالىيجانابلار دائىم كۆڭلى — كۆكسىنى كەڭ





تۇتىدۇ، پەسەندىلەر دائىم ئىچى تار، غەمناك كېلىدۇ.

71

كۇڭزى مىجەزى مۇلايىم ھەم كەسكىن، قوپال بولمىسىمۇ، سۈرلۈك، تەكەللۇپچى، مېھرىبان كىشى.

72

تەي پۇ بەگنى پەزىلەتنىڭ يۇكسەك پەللىسىگە يەتكەن كىشى دېيىشكە بولىدىكەن. ئۇ سەلتەنەتنى جى لىغا نەچچە رەت ئۆتۈنۈپتۇ. پۇقرالار ئۇنى مۇۋاپىق سۆز بىلەن مەدھىيىلەشكە ئامالسىز قاپتىكەن.

73

پوزىتسىيىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىززەت — ئىكرامنىڭ داغدۇغىسىنى قىلىسىمۇ، ئەدەپ بىلمىسە ھېرىپ قالىدۇ. ئېھتىيات بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىشنىلا بىلىپ، ئەدەپنى بىلمىسە، يۈرەكسىز قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ. جۈرئەتلىك، يۈرەكلىك بولسىمۇ ئەدەپنى بىلمىسە، ئاۋارىچىلىككە يولۇقىدۇ. كۆڭلى تۈز بولسىمۇ ئەدەپ بىلمىسە، سۆزى كىشىنىڭ يۈرىكىگە تېگىدۇ. كەرىملىكلەر ساداقەت بىلەن

ئۇرۇق — ئەقرىبالىرىغا، پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلالىسا، ئومۇمىيۇزلۇك رەھىمدىللىككە ئىگە بولىدۇ. كەرىملىكلەر ئىلگىرىكى دوست — بۇرادەرلىرى ۋە پۇقرالارنى تاشلىۋەتمىسە، سوغۇق، شەپقەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىمايدۇ.

74

داستان ئىرادىمىزنى ئۇرغۇتىدۇ. يوسۇن دىيانىتىمىزنى مۇستەھكەملەيدۇ. ساز ھېسسىياتىمىزنى تاۋلايدۇ.

75

— پۇقرالار، ئۇلارنى كۆڭلىمىزدىكىدەك قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەمما، نېمىشقا شۇنداق قىلغانلىقىنى چۈشەندۇرمەك تەس.

76

جۇرئەتلىككە تەلپۈنۈپ، نامراتلىقتىن يىرگىنىدىغان كىشىلەر بىر خىل ئاپەت، رەھىمسىزلەرگە ئۆچمەنلىك زىيادە بولۇپ كەتسىمۇ،





ئۇنى ئاپەتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

77

بىرەرى چۇ بېگىدەك ئاجايىپ ئىقتىدارغا ئىگە بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ تەكەببۇر ھەم بېخىل بولسا، ئۇنى باشقا جەھەتلەردىنمۇ ھۆرمەتلەشكە ئەرزىمەيدۇ.

78

نەچچە يىل تالىپ بولۇپ ئىلىم تەھسىل قىلىپ، تېخىچە ئەمەلدار بولۇش ئويىغا كەلمىگەن بولسا، بۇنداق كىشى كەم تېپىلىدۇ.

79

تەۋرەنمەس ئېتىقاد، ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىپ مۇكەممەل بولغان ئەلنى ئىدارە قىلىپ، ياخشى پۇقرا بولۇش پرىنسىپىنى جان تىكىپ قوغداش لازىم. سىياسىي ۋەزىيىتى خەتەرلىك دۆلەتكە بارماسلىق، سىياسىتى قالايمىقان ئەلدە تۇرماسلىق كېرەك. ئالەم تىنچ — ئەمىن چاغدا ئەمەلدار بولۇش

كېرەك، ئالەم قالايمىقانلاشقاندا زاھىت بولۇۋېلىش كېرەك. دۆلەت ۋە سىياسەت ياخشى چاغدا، نامراتلىشىپ ئۆسەلمەسلىك نومۇس، دۆلەت ۋە سىياسەت جاھالەتتە تۇرغاندا باي بولۇۋېلىشمۇ ناھايىتى نومۇس.

80

ۋەزىپەڭدە بولمىساڭ، ۋەزىپىدىكىلەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرمە.

81

غالجىر ھەم نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، نادان بولسىمۇ ياۋاش ئەمەس، سەمىمىي كۆرۈنسىمۇ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان كىشىلەرنىڭ نېمىشقا شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدىم.

82

ئىلىم ئىگىلەشتە گويا بىر نەرسىنى قوغلاپ تۇتۇۋالمىسا بولمايدىغاندەك ئىزدىنىش، ئۈگىنىپ





بولغاننى يوقىتىپ قويۇشتىن ئەنسىرەش كېرەك.

83

نېمىدېگەن ئۇلۇغلۇق ــ ھە! شۇن، يۇ ئاقساقاللار ئالەمنىڭ خوجىسى تۇرۇپمۇ قىلچە شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلىمەپتىكەن.

84

ياۋ ئاقساقال شۇنداق بولالىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلۇغ! ئاسمان شۇنداق بۈيۈك، ياۋ ئاقساقال ئاسمان بىلەن سېلىشتۇرۇلغىنى ئۈچۈنلا ئۇلۇغۋار! ئۇنىڭ شەپقىتى نېمىدېگەن چەكسىز ــ ھە! پۇقرالار ئۇنى نېمىدەپ مەدھىيىلەشنى بىلەلمەي قالغانىكەن. ئۇنىڭ تۆھپىسى نېمىدېگەن ئۇلۇغۋار، ئۇنىڭ قائىدە ــ يوسۇنى نېمىدېگەن نۇرلۇق، شانلىق ــ ھە!

85

شۇن ئاقساقال بەش نەپەر دانا ۋەزىرى بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلغانىكەن. چۇ ۋۇۋاڭ: «مېنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلالايدىغان ئون نەپەر ۋەزىرىم بار» دەپتۇ. شۇڭا كۇڭزى

مۇنداق دېگەن: «تالانتلىقلارغا ئېرىشمەك تەس، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ياۋ، شۇن ئاقساقال دەۋرىدە ھەم ۋۇ ۋاڭنىڭ ۋاقتىدا، تالانتلىقلار ئەڭ راۋاجلانغان. لېكىن ۋۇ ۋاڭنىڭ ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان ئون نەپەر ۋەزىرىنىڭ ئىچىدە بىر مەزلۇم تائىپىسى بار ئىدى. شۇڭا توققۇز نەپەر دېگىلى بولىدۇ، خالاس. چۇ ۋېنۋاڭ ئالەمنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇقمۇ شاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى بولغان. چۇ ۋېنۋاڭنىڭ ئەخلاقىنى يۈكسەك پەللىگە يەتكەن، دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.»

86

مەن يۇ ئاقساقالدىن قۇسۇر ئىزدىمىسەممۇ بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ناھايىتى ناچار بولسىمۇ، نەزىرلىك بۇيۇملارنى ناھايىتى مول راسلىغان. ئۆزىنىڭ كىيىم ـ كېچىكى جۇلدۇر ـ كېپەن بولسىمۇ، نەزىرلىك كىيىملەرنى ناھايىتى ئېسىل تىكتۈرگەن، تۇرالغۇسى كەپە ـ گەمە بولسىمۇ، سۇ ئىنشائاتىنى راۋاجلاندۇرغان. شۇڭا، يۇ ئاقساقالنى ئەيىبلىگۈدەك يېرىم يوق.





87

كۇڭزى مەنپەئەت، تەقدىر ۋە رەھىمدىللىك ھەققىدە ناھايىتى ئاز ئېغىز ئاچاتتى.

88

داڭلىق بىرى: «كۇڭزى نېمىدېگەن ئۇلۇغ ـ ھە! ئۇنىڭ ئىلمى تېرەن بولسىمۇ، بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپ بىلەن نام چىقارغان شەخس ئەمەسكەن» دەپتۇ. كۇڭزى بۇ گەپنى ئاڭلاپ تالىپلىرىغا: «مەن قايسى ھۈنەرنى ئۆگەنسەم بولار؟ ھارۋىكەشلىكنىمۇ؟ ئوقياچىلىقنىمۇ؟ مېنىڭچە، يەنىلا ھارۋىكەشلىكنى ئۆگىنەي» دەپتۇ.

89

بەگ لۇ ئەيگۇڭ: «قانداق قىلغاندا پۇقرالارنى باش ئەگدۈرگىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى مۇنداق جاۋاب بەرگەن: «دۇرۇس كىشىلەرنى ئۆستۈرۈپ، رەزىل كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قويغاندا، پۇقرالار باش ئېگىدۇ. ئەگەر رەزىل كىشىلەرنى ئۆستۈرۈپ، دۇرۇس كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە قويغاندا، پۇقرالار باش ئەگمەيدۇ.»

## 90

كۇڭزىدا ئاساسسىز قىياس قىلىش، مۇتلەق بولمىغاننى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش ۋە مېنىڭلا راست دېيىشتەك تۆت ئىللەت يوق ئىكەن.

## 91

ۋەزىر تالىپ زىگۇڭدىن: «كۇڭزى ھەزرەت ئەۋلىيامۇ؟ ئۇ نېمىشقا بۇنچە كۆپ ھۇنەر بىلىدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. تالىپ زىگۇڭ: «بۇ تەڭرى ئۇنى ھەم ئەۋلىيا، ھەم ھەممىگە ماھىر ھۇنەرۋەن قىلىپ ياراتقانلىقىدا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. كۇڭزى بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «ۋەزىر مېنى چۈشىنەمدۇ؟ مەن كىچىك چېغىمدا نامرات بولغاچقا نۇرغۇن پەس ھۇنەرنى ئۆگىنىۋالغان. ھەقىقىي ئالىيجانابتا بۇنداق جىق ھۇنەر بولامدۇ؟ ئۇنداق جىق بولمايدۇ!» دەپتۇ.

## 92

دۆلەت مېنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمىگەچكە، مەن





جىق ھۇنەر ئۆگەنگەن.

## 93

مەن بىلىملىكمۇ؟ مەن ھەقىقەتەن نادان. بىر دېھقان مەندىن بىر ئىشنى سورىغانىدى، مەن ئەسلىدە تامامەن ئۇقمايدىغان مەسىلىكەن. مەن دېھقاننىڭ سوئالىنىڭ باشتىن ــ ئاخىر جەريانى، ئۇنىڭ ــ تەتۈرىنى تەپسىلىي سوراشتۇرۇپ، جاۋابنى پەملىۋالغاندىن كېيىن، جاۋاب بەردىم.

## 94

سۇمۇرغ كېلىپ ئالەم ئەمىن تاپمىغان بولسا، يېشىل ئۆكۈز (ھازىرقى خۇاڭخې دەرياسى) دە دۇمبىسىگە سۇرەت نەقىشلەنگەن ئەجدىھا ئات نامايان بولمايتتى، بۇ ئۆمرۈمدىنمۇ ئۈمىد قالمايتتى.

## 95

كۇڭزى ھازا كىيىمى بىلەن، سۆلەتلىك كىينگەن ھەم ئەما كىشىلەرنى كۆرسە، كۆرۈشكەندە ئۇلار ياش بولسىمۇ چوقۇم ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلاتتى.

ماڭغاندا چوقۇم بىرنەچچە قەدەم ئالدىدا ماڭاتتى.

96

سىرتتا بولغاندا بەگ ـ غوجاملارنى، ئائىلىدە بولغاندا ئەقرىبالىرىنى ئوبدان كۈتۈش كېرەك. مۇسىبەتلىك بولغاندا قولىدىن كېلىشىچە قائىدە ـ يوسۇننى ئادا قىلىشى، شارابقا مەلىكە بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بۇ ئىشلاردىن مەن قايسىسىنى قىلالىدىم؟!

97

ئۆتكەن ۋاقىت گويا دەريا سۈيىدەك، كېچە ـ كۈندۈز ئېقىپ تۈگەيدۇ.

98

مەن گۈزەللىكنى سۆيگەندەك پەزىلەتنى سۆيىدىغان كىشىنى ئۇچراتمىدىم.

99

توپا دۆۋىسىنى تاغ قىلماقچى بولساڭ، پەقەت يەنە





بىر سېۋەت توپىنى ئارتۇق تۆكسەڭلا ئىش تامام. ئەگەر ئۇنداق قىلغۇڭ كەلمىسە، ئىشنى چالا تاشلاپ قويغان بولىسەن. ئەگەر تۈزلەڭدە توپا دۆۋىلەپ تاغ قىلماقچى بولۇپ، ئەمدى بىر سېۋەت توپا تۆكۈپ بولغاندا، داۋاملىق ئىشلەشكە ئىرادە قىلساڭ، ئۆزۈڭ داۋاملاشتۇرۇشقا چىڭ تۇرغان بولىسەن.

100

زىرائەت مايسىسىنىڭ چېچەكلىمەي باشاقلىغان ئەھۋاللىرىمۇ بولغان، باشاقلاپ تۇرۇپ دانلىمىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان.

101

ياشلار قورقۇنچلۇق بولىدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ كەلگۈسىدە بىزلەرگە يېتىشەلمەيدىغانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولسۇن؟ ئەگەر بىر كىشى قىرىق ـ ئەللىك ياشقا كىرىپ تۇرۇپمۇ نام ـ ئاتاق قازىنالمىسا، بۇمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس.

## 102

هەق نەســـهەتنى قوبــۇل قىلمىغىلــى بولامـــدۇ؟ خاتالىقىنى تۈزىتىش قىممەتلىك خىسلەت. تەكەللۇپ سۆزلىرى بىلەن قوللىسا خۇشال بولمىغىلى بولامدۇ؟ ئانالىز قىلىپ پەرقلەندۈرۈپ باقساق، تەكەللۇپ سۆزى قىممەتلىكەن. قارىغۇلارچە خۇشال بولۇش، ئانالىز قىلماسلىق، قوبۇل قىلغاندەك بولۇۋېلىپ، تۈزەتمەيدىغان كىشىلەرگە مەن ئامالسىز.

## 103

ساداقەتمەن، ۋەدىسىدە تۇرىدىغانلار، ئۆزۈڭلارغا يېتەلمەيدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلماڭلار. سەۋەنلىكنى تۈزىتىشتىن قورقماڭلار.

## 104

قوشۇن سەركەردىسىدىن ئايرىلىپ قالسا مەيلى، لېكىن ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ.



## 105

يىرتىق چاپان كىيگەن تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن تون كىيگەن كىشى بىلەن بىرگە تۇرسا، خىجالەت ھېس قىلمايدۇ. «تەرمىنامە»دە: «ھەسەت قىلماسلىق، ئاچ كۆز بولماسلىق نېمىشقا ئوبدان ئىش ئەمەسكەن؟» دېيىلگەن. مۇشۇنداق قىلالىغاندىلا، نېمىدەپ ئوبدان ھېسابلانمىغۇدەك.

## 106

قارا قىش كەلگەندىلا، قارىغاينىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غازىگى چۈشىدىغانلىقى بىلىنىدۇ.

## 107

ئەقىللىق ئادەم گاڭگىراپ قالمايدۇ. رەھىمدىل ئادەم ئەندىشىسىز بولىدۇ. جۈرئەتلىك كىشى قورقماس بولىدۇ.

## 108

بەزى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ئىلىم تەھسىل

قىلغىلى بولسىمۇ، بىرلىكتە ھەقىقەتنى ئىزدىگىلى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەقىقەت ئىزدىگىلى بولسىمۇ، مەيداندا بولغىلى بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر بىلەن مەيداندا بولغىلى بولغان بىلەن، ھوقۇقتا باراۋەر بولغىلى بولمايدۇ.

## 109

كۆڭزى يۇرتىدا ناھايىتى مۇلايىم بولۇپ، گويا گاچىدەك يۈرىدىكەن. ئىبادەتخانا ۋە ئوردىدا تېرەن، ئېنىق قىلىپ ئېھتىيات بىلەن سۆزلەيدىكەن، خالاس.

## 110

كۆڭزى ئوردىدا ئۆزى بىلەن باراۋەر ئەمەلدارلار بىلەن مۇلايىم، خۇشال ھالدا پاراڭلىشىدىكەن، ئەمىلى ئۆزىدىن چوڭلار بىلەن بولسا ئىززەت ــ ئىكرام ھەم ئېھتىيات بىلەن پاراڭلىشىدىكەن؛ بەگ ــ پادىشاھ ئوردىغا كەلگەندە ناھايىتى ئىززەت قىلىپ، سالماق بولۇۋالىدىكەن.

## 111

كۆڭزى ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرگەندە ئېھتىياتچان،





تەكەللۇپچى بولۇپ، گويا ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالمىغاندەك بولۇپ قالىدىكەن؛ دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرمايدىكەن، بوسۇغىغا دەسسىمەيدىكەن؛ تەختكە يېقىنلاشقاندا كەيپىياتى سالماق، تەكەللۇپ بىلەن، قەدىمى تېزلىشىپ قالىدىكەن، گويا نەپىسى يېتىشمەيۋاتقاندەك يەكتىكىنىڭ پېشىنى كۆتۈرۈپ، قەسىرگە كىرگەندە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تىنمىغاندەك ماڭىدىكەن؛ ئوردىدىن چىقىپ بىرىنچى پەلەمپەيگە قەدەم باسقاندا، كەيپىياتى نورماللىشىپ، خۇشال كۆرۈنىدىكەن؛ پەلەمپەيدىن چۈشۈپ بولغاندا، مەنزىلگە قۇشتەك ئۇچىدىكەن، ئۆيگە كەلگەندە ئېھتىياتچان، تەكەللۇپچى كۆرۈنىدىكەن.

## 112

ئوبدان سېلىنمىغان بورا ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

## 113

تالىپى زى جاڭ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ئەمەلدار بولۇپ، مائاش ــ تەمىناتقا ئېرىشىشنىڭ ئۇسۇلىنى

ســـورىغاندا، كـــۇڭزى مۇنـــداق جـــاۋاب بېرىپتـــۇ:
«باشـقىلارنىڭ پىكرىنـى كـۆپرەك ئـاڭلاش، ئۆزىنىـڭ
شـۇبھىلىرىنى بىـر ياققـا قايرىـپ قويـۇش، ئـۆزى
ئىشىنىـشكە بولىـدىغان قىـسمىنى ئېھتىيـات بىـلەن
سـۆزلىگەندە سـەۋەنلىكتىن سـاقلانغىلى بولىـدۇ.
باشـقىلارنىڭ قىلغـان ئىـشىغا كـۆپرەك نەزەر سېلىش،
شـۇبھىلىك جـايلىرىنى سـاقلاپ قـېلىش، ئـۆزى
ئىشىنىـشكە بولىـدىغان قىـسمىنى ئېھتىيـات بىـلەن
ئىجرا قىلغاندا، پۇشايماننى ئازايتقىلى بولىـدۇ. گەپ ـــ
سـۆز سـەۋەنلىكنى ئازايتىـدۇ، ھەرىـكەت ـــ قىلمىـش
پۇشايماننى ئازايتىدۇ. ئەمەلـدار بولۇشـنىڭ سـىرى دەل
مۇشۇ يەردە.»

## 114

كۇڭزى باشقا بەگلىكتىكى بۇرادىرىگە سالام ھـاۋالە
قىلـسا، ھـاۋالىنى ئېلىـپ ماڭغۇچىغـا ئىككـى مەرتەم
تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئاندىن يولغا سالىدىكەن.

## 115

بەگ كـۇڭزىنى ئوردىغـا چاقىرتـسا، ھـارۋا تەييـار





بولغۇچە، ئۆزى پىيادە مېڭىپ تۇرىدىكەن.

## 116

بـۇرادىرى ئۆلـۈپ، ئـاخىرەتلىكىنى بېجىرگىلـى
كىشى بولمىسا، كۇڭزى بېجىرىۋېتىدىكەن.

## 117

ئـاۋۋال ئەدەپ ـــ يوسـۇن ئۆگىنىـپ، كېيىـن
ئەمەلـدار بولغـانلار مەرتـىۋە ۋە تەمىنـاتى بولمىغـان
ئادەتتىكى كىشىلەردۇر. ئاۋۋال ئەمەلدار بولۇپ، كېيىن
ئەدەپ ـــ يوسـۇن ئۆگىنىـدىغانلار چوڭ ئەمەلـدارلارنىڭ
پەرزەنتلىرىدۇر. ئەگەر تالانتلىقلارنى تاللاتقۇزسا، ئـاۋۋال
ئەدەپ ـــ يوسۇن ئۆگەنگەنلەرنى تاللايتتىم.

## 118

تالىپى زى لۇ جىن ـــ شەيتاننى قانداق كۈتۈشنى
سـورىغاندا، كـۇڭزى: «مەن تېخـى تىرىكلەرنـى ئوبـدان
كۈتەلمىـــسەم، جىـــن ـــ ئالۋاســـتىنى قانـــداق
كۈتەلەيمەن؟» دەپتۇ. تالىپى زى لۇ يەنە: «ئۆلۈم دېگەن
قانداق ئىش؟» دەپ سوراپتىكەن، كۇڭزى: «تۇغۇلۇشنىڭ

نىمىلىكىنى بىلمىسەم، ئۆلۈمنى نەدىن بىلەي؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 119

تالىپى زى گۇڭ: «قانداق قىلغاندا ئالىيجاناب بولغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «ئۆزى دېمەكچى بولغان ئىشنى قىلىپ بېقىپ، ئاندىن سۆزلىگەننى ئالىيجاناب دېگىلى بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 120

باشقىلارنىڭ سۆزىنى ماقۇللاپلا تۇرىدىغان كىشى ھەقىقىي ئالىيجانابمۇ ياكى تەلەتىنى سالماق كۆرسىتىدىغان كىشىمۇ؟

## 121

تالىپى يەن يۈەن نېمىنىڭ رەھىمدىللىكىنى سورىغاندا، كۇڭزى:«ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، سۆز ـ ھەرىكەتتە ئەنئەنىۋى ئەدەپ يول قويغان دائىرىگە قايتىپ كېلىش رەھىمدىللىك بولىدۇ. ئۆزىنى





تۇتۇۋېلىپ، سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئەدەپكە ماسلاشتۇرسا، ئالەمدىكىلەر ئۇنى رەھىمدىل دەپ تەرىپلەيدۇ. رەھىمدىللىكنى يېتىلدۈرۈش پۈتۈنلەي ئۆزىدىكى ئىش تۇرسا، باشقىلارغا تايانغۇدەك نېمىسى بار؟» دەپتۇ.

تالىپى يەن يۈەن يەنە: «ھەرىكەتنىڭ كونكرېت ئۆلچىمى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «ئەدەپكە مۇخالىپ ئىشلارغا قارىماسلىق، سۆزلەرنى ئاڭلىماسلىق ۋە دېمەسلىك ئىشلارنى قىلماسلىق» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 122

تالىپى چۇڭ گۇڭ: «رەھىمدىللىك دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «سىرتقا چىققاندا ئىسىل مېھماننى قارشى ئالغاندەك سالاپەتلىك بولۇش، پۇقرالارنى ئىشلەتكەندە كاتتا مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەندەك بەھەيۋەت بولۇش، ئۆزى ياخشى كۆرمىگەننى باشقىلارغا تاڭماسلىق كېرەك. بەگلىكلەردە ھېچكىم ئۆزىدىن ئاغرىنمايدىغان بولۇشى، بەگلىكلەرنىڭ سۆيۈرغالىدا ھېچكىم ئۆزىگە يامانلىماسلىقى كېرەك» دەپتۇ.

123

تالىپى زى جاڭ: «قانداق قىلغاندا سالاپەتلىك بولغىلى، ھەق ــ ناھەقنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «سادىق، سەمىمىيلىكنى مىزان قىلسا، مەردلىكنى قوغلاشسا، پەزىلەتلىك بولغىلى بولىدۇ. بىرەر كىشىنى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى تىلىسە، ئۆچ بولسا ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كەلسە، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى ياكى ئۆمرى بولۇشىنى تىلىشىگە قاراپ ھەق ــ ناھەقنى ئايرىغۇزىمىز. مانا بۇ ئۆزىگە پايدىسى بولمىغاننى باشقىلارغا غەلىتە كۆرسەتكەنلىك» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

124

بەگ چى چىڭگۇڭ ئەلنى ئىدارە قىلىشقا دائىر مەسىلىلەرنى سورىغاندا، كۇڭزى: «پادىشاھ پادىشاھتەك بولۇشى، ۋەزىر ۋەزىردەك بولۇشى كېرەك؛ ئاتا ئاتىدەك ئىش قىلىشى، بالا بالىدەك بولۇشى كېرەك» دەپتۇ.

125

ئەرزىيەتنى بىجىرىشتە مەن باشقىلار بىلەن





پەرقلەنمەيمەن. چوقۇم ئەرزىيەتنىڭ سەۋەبىنى تولۇق يوقاتقۇزۇپ ئاندىن بولدى قىلىمەن.

126

بارلىق بىلىملەرنى كەڭ دائىرىدە ئۆگىنىپ، ئەدەپ ــ يوسۇن بىلەن ئۆزىنى كونترول قىلغاندىلا، ئالىيجانابلىق خىزمىتىگە خىلاپلىق قىلمىغان بولىدۇ.

127

ئالىيجانابلار باشقىلارنىڭ ئىشىنى كۆڭۈلدىكىدەك قىلىدۇكى، بۇزۇۋەتمەيدۇ، پەسەندىلەر دەل بۇنىڭ ئەكسىچە قىلىدۇ.

128

ئەلنى ئىدارە قىلىشتا، نېمىشقا ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋاستىسىنى قوللىنىسىلەر؟ ئەلنى باشقۇرالىساڭ، پۇقرالارمۇ ئوبدانلىشىپ قالىدۇ. ئالىيجانابلارنىڭ پەزىلىتى شامالغا، پۇقرالارنىڭ ئەخلاقى ئوت ــ چۆپكە ئوخشايدۇ. شامال قاياققا يەلپۈسە، ئوت ــ چۆپمۇ شۇ

ياقا ئاغىدۇ.

## 129

تالىپى زى لۇ ئاۋامنى قانداق ئىدارە قىلىشنى سورىغاندا، كۇڭزى: «ئۆزىنىڭ جىسمانىي كۈچى بىلەن پۇقرالارنى يېتەكلەش، ئاندىن ئۇلارنى قېتىرقىنىپ ئىشلەتكۈزۈش» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## 130

تالىپ چۇڭ گۇڭ جى جەمەتىنىڭ يۇندىخورى بولۇپ، ئاممىۋى ئىشلارنى قانداق باشقۇرۇش كېرەكلىكىنى سورىغاندا، كۇڭزى: «قول ئاستىدىكىلەرنى يېتەكلەش، سەۋەنلىكلەرگە كەڭ قورساق بولۇش، مۇنەۋۋەر تالانتلىقلارنى ئۆستۈرۈش، ئۆزۈڭ چۈشەنمىگەن كىشىنى ئىشلىتىش كېرەك، چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنى باشقىلار كۆمۈۋەتمەسمۇ؟» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## 131

پەن چى ئىسىملىك بىرى قانداق تېرىقچىلىق





قىلىش، كۆكتاتلارنى قانداق تېرىش ھەققىدە تەلىم ئالماقچى بولغاندا، كۇڭزى: «تېرىقچىلىق قىلىش ۋە كۆكتات تېرىشتا مەن دېھقانلارغا يەتمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پەن چى قايتىپ كەتكەندىن كېيىن كۇڭزى مۇنداق دېگەن: «پەن چى ھەقىقەتەن پەسەندىكەن! ھوقۇقدار ئەدەپ – يوسۇنغا ئەھمىيەت بەرسە، پۇقرالاردىن ھېچكىم ھۆرمەت قىلماسلىققا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھوقۇقدار ئادىل بولسا، پۇقرالاردىن ھېچكىم ئىتائەت قىلماسلىققا جۈرئەت قىلالمايدۇ. ھوقۇقدار ۋەدىسىدە تۇرسا، پۇقرالاردىن ھېچكىم يالغان سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ. مۇشۇنداق قىلالىسا، جىمى پۇقرالار بالىۋاقىسىنى يۈدۈشۈپ، ئۇنى پاناھ تارتىپ كەلمەمدۇ؟ ئۇنداقتا، تېرىقچىلىق قىلىشنى ئۆگىنىشنىڭ نېمە كېرىكى!»

## 132

«تەرمىنامە» گە كامىل كىشىنى مەمۇرىي ئىشلارغا بۇيرۇسا قىلالمىسا، چەت ئەلگە ئەلچىلىككە چىقارتسا، مۇستەقىل تاقابىل تۇرالمىسا، كىتابنى شۇنچە جىق ئوقۇغاننىڭ نېمە كېرىكى!

133

هوقۇقدارنىڭ پەزىلىتى دۇرۇس بولسا، ئەمىر قىلمىسىمۇ، پۇقرالار ئىجرا قىلىدۇ. هوقۇقدارنىڭ قىلىقى دۇرۇس بولماي تۇرۇپ نەچچە مەرتەم ئەمىر ــ پەرمان قىلسىمۇ، پۇقرالار ئىتائەت قىلمايدۇ.

134

كۆڭزى تالىپى رەن يۇغا هارۋىسىنى هەيدىتىپ ۋېي بەگلىكىگە بارغاندا: «ۋېي بەگلىكىدە ئادەم نېمىدېگەن كۆپ ــ هە!» دېگەن. تالىپ رەن يۇ: «ئادەم كۆپەيگەندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەك؟» دەپ سورىغاندا، كۆڭزى: «بېيىتىش كېرەك، ئاندىن تەربىيىلەش كېرەك» دېگەنىكەن.

135

ئەگەر بىرى ماڭا ئەلنى ئىدارە قىلدۇرسا، مەن بىر يىلدا يېڭى تۇسكە كىرگۈزىمەن. ئۈچ يىلدا چوقۇم نەتىجىگە ئېرىشىمەن.





136

ئاق كۆڭۈل كىشى ئەلنى يۈز يىل ئىدارە قىلسا، جاهالەتنى يوقىتىپ جازايى ــ ياساقنى ئەمەلدىن قالدۇرىدىكەن، دېگەن كەلىمە دۇرۇس ئېيتىلغان.

137

بەگ ئاتىلىپ جاهان سورىغان كىشى چوقۇم ئوتتۇز يىلدىن كېيىن، رەهىم ــ شەپقەتلىك سىياسەت يۈرگۈزۈشى كېرەك.

138

ئەگەر ئۆزىنىڭ پەزىلىتى دۇرۇس بولسا، ئەلنى ئىدارە قىلماق نېمە تەس؟ ئەگەر ئۆزىنىڭ پەزىلىتىنى دۇرۇس قىلالمىسا، باشقىلارنىڭ پەزىلىتىنى قانداقمۇ دۇرۇس قىلالايدۇ؟

139

بەگ لۇ دېڭگۇڭ «بىر كەلىمە سۆز بىلەن ئەلنى گۈللەندۈرگىلى هەم خاراب قىلغىلى بولارمىش،

شۇنداقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «سۆز مۇنداقلا ئاددىي بىر سايمان ئەمەس، بىراق بۇنىڭ بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بىر سۆز بار. جامائەت: بەگ ـ خان بولماق تەس، ۋەزىر بولماقمۇ ئاسان ئەمەس دېيىشكەن. ئەگەر ئەلنى ئىدارە قىلماقنىڭ تەسلىكىنى بىلگەن كىشى بىر كەلىمە سۆز بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلالماسمۇ؟ جامائەت يەنە: پادىشاھلىقىمدا باشقا خۇشاللىقىم يوق، نېمە دېسەم قارشىلاشقۇدەك ئادەممۇ يوق دېيىشكەن. ئەگەر سۆز توغرا بولسا ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ، بۇمۇ ئوبدان بولغىنى ئەمەسمۇ؟ ئەگەر سۆز توغرا بولمىسىمۇ، ھېچكىم قارشى چىقمايدۇ، بۇمۇ بىر كەلىمە سۆز بىلەن ئەلنى خاراب قىلغىلى بولىدىغانلىقى ئەمەسمۇ؟» دېگەنىكەن.

## 140

يەن چى نېمىنىڭ رەھىمدىللىك ئىكەنلىكىنى سورىغاندا، كۇڭزى مۇنداق دېگەن: «ئادەتتە چىراي ـ تۇرقى قاملاشقان، خىزمەتتە سالماق، ئەستايىدىل، باشقىلارغا بەرگەن ئاگاھلاندۇرۇشى سەمىمىي بولسا،





بۇنداق پەزىلەتكە ئىگە كىشى مەشرىقتىكى بەدەۋىلەر ۋە شىمالدىكى ئۇيغۇرلار ئېلىگە بارسىمۇ تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ.»

## 141

سۆز ـ ھەرىكەتتە مادارا ـ مۇرەسسە يولىغا چۈشمىگەن كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلغان كىشى چوقۇم مەمەدان ياكى ئالدىراڭغۇ كىشى، مەمەدان چاپچىپلا تۇرىدۇ، ئالدىراڭغۇمۇ يامان ئىش قىلىپ قويماي قالمايدۇ.

## 142

جەنۇبلۇقلاردا «كىشىدە قەتئىي ئىرادە بولمىسا، داخان بولالمايدۇ» دېگەن بىر ماقال بار ئىكەن. «پالنامە» دە: «ئالا كۆڭۈللۈك قىلىپ ئۆزىنىڭ دىيانىتىنى ساقلىيالمىغان كىشى ھامان خىجالەتچىلىكتە قالىدۇ» دېيىلگەن. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، ئىرادىسى ئاجىز كىشىلەر پال ئاچقۇزۇپ يۈرۈشى بىھاجەت، خالاس.

## 143

ئالىيجانابلار ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىناق ئۆتەلەيدۇ. بىراق، قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدۇ. پەسەندىلەر قارىغۇلارچە ماسلاشسىمۇ، ئىناق ئۆتەلمەيدۇ.

## 144

ئالىيجانابلارنىڭ قولىدا ئىشلىمەك ئاسان، ئامراقلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەس. يوللۇق ئۇسۇل بىلەن ئامراقلىقىغا ئېرىشمەن دېسەڭ، ئۇ ئامراق بولمايدۇ. ئادەم ئىشلىتىدىغان چاغقا كەلگەندە، ئۇ ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ كۈچ ــ ئىقتىدارىغا ئاساسەن قول ئاستىدىكىلەرنى ئىشلىتىدۇ. پەسەندىلەرنىڭ قولىدا ئىشلىمەك تەس بولسىمۇ، ئامراقلىقىنى قولغا كەلتۈرمەك ئاسان. يوللۇق بولمىغان، ئەخلاقسىز پەزىلەت بىلەن ئامراقلىقىنى قولغا كەلتۈرسەڭمۇ ئۇ خۇشال بولۇۋېرىدۇ. ئادەم ئىشلىتىدىغان چاغ كەلگەندە، ئۇ نەچچە خىل قۇسۇر چىقىرىپ، ئىشنى تەلەپكە لايىق





قىلمىدىڭ، دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئالىيجانابلارنىڭ كەيپىياتى خاتىرجەم بولۇپ كىشىنى ئاني تاپمايدۇ. پەسەندىلەر كىشىنى ئاني تاپمىسىمۇ، كەيپىياتى خاتىرجەم ئەمەس.

## 145

ئىرادىسى چىڭ، كەسكىن، ئاددىي ــ سادda، سۆزدە ئېھتىياتچان بولىدىغان تۆت خىل پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر رەھىمدىللىككە يېقىن كېلىدۇ.

## 146

تالىپى زى لۇ: «قانداق كىشى زىيالىي سانىلىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «ئۆزئارا بىر ــ بىرىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، رىغبەتلەندۈرەلىسە ھەم ئىناق ــ ئىتتىپاق ئۆتەلىسە، ئاندىن زىيالىي ھېسابلىنىدۇ. يەنى، بۇرادەرلەر ئارىسىدا ھەيدەكچىلىك قىلىپ رىغبەتلەندۈرۈش، ئاغا ــ ئىنىلەر ئارىسىدا ئىناق ــ ئىتتىپاق بولۇشى كېرەك» دەپ جاۋاب بەرگەن.

147

ئاق كۆڭۈل كىشى خەلقنى يەتتە — سەككىز يىل يېتەكلىيەلەيدۇ ھەم لەشكەر قىلىپ جەڭگىمۇ سالالايدۇ.

148

مەشىق كۆرمىگەن خەلقنى ئۇرۇشقا ھەيدەش ئۇلارنى بىكاردىن — بىكارغا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنگە باراۋەر.

149

تالىپى يۈەن شيەن: «نومۇس دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «ئەلنىڭ سىياسىتى ئېنىق بولغاندا ئەمەلدار بولۇپ مائاش — تەمىناتنى ئالغىلى بولىدۇ. ئەلنىڭ سىياسىتىنى جاھالەت باسقاندا ئەمەلدار بولۇپ مائاش — تەمىناتنى ئېلىش نومۇستۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

تالىپى يۈەن شيەن يەنە: «بىر كىشى





بىلەرمەنلىك، ماختانچاقلىق، نەپسانىيەتچىلىكتىن ساقلىنالىسا رەھىمدىل ھېسابلىنامدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «بۇنداق پەزىلەتكە ئېرىشمەك تەس. رەھىمدىللىك مۇقامىغا يەتكەن — يەتمىگەنلىكىنى مەن ھۆكۈم قىلالمايمەن» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

150

تالىپلار ئۆزىنىڭ ئارامبەخش ئائىلە تۇرمۇشىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىسە، تالىپلىققا يارىمايدۇ.

151

ئەگەر ئەلنىڭ سىياسىتى ئېنىق، ئادىل بولسا، سۆز — ھەرىكەتلەر دۇرۇس بولىدۇ. جاھالەت بولسا ھەرىكىتى دۇرۇس، سۆزدە تەكەللۇپلۇق بولىدۇ.

152

پەزىلەتلىك كىشىلەر قائىدە — زاكۇن بىلىدۇ. قائىدە — زاكۇن بىلمىگەن كىشىنىڭ پەزىلەتلىك بولۇشى ناتايىن. رەھىمدىل ئادەم چوقۇم جۈرئەتلىك

بولىدۇ. جۇرئەتلىك ئادەمنىڭ رەھىمدىل بولۇشى ناتايىن.

## 153

ئالىيجانابلار ئارىسىدا رەھىمدىللىك قىلمايدىغانلار بار، پەسەندىلەر ئارىسىدا رەھىمدىللىك قىلالايدىغانلار يوق.

## 154

نامراتلىقتا ئۆچمەنلىك، ئاغرىنىشتىن ساقلانماق تەس، باي بولغاندا مەغرۇرلۇقتىن ساقلانماق ئاسان.

## 155

تالىپى زى لۇ: «قانداق قىلغاندا <كامىل> بولغىلى بولىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، كۇڭزى: «ۋەزىر زاڭ ۋۇجۇڭدەك دانا، مىڭ گوڭچۇدەك قانائەتچان، لياڭ جۇاڭزىدەك باتۇر، قورقماس، تالىپىم رەن چيۇدەك كۆپكە ماھىر، يەنە ئەدەپ ــ يوسۇن ھەم قەلەم ماھارىتىدە يېتىلگەن بولسا كامىل بولغان بولمامدۇ؟





ھازىرقى ناكامىللار چوقۇم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكمۇ؟ پۇل ــ دۇنيانى كۆرگەندە ئادالەتنى ئويلىسا، خەتەرگە يولۇقسا ھاياتىنى تەقدىم قىلالىسا، ئۇزۇنغىچە نامراتلىقتا ئۆتسىمۇ ۋەدىسىنى ئۇنتۇمىسا، يەنىلا كامىل ھېسابلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## 156

بىر كىشى چوڭ گەپ قىلسا، ئۇنىڭ بىر ئىش قىلمىقى تەس بولىدۇ.

## 157

ئالىيجانابلار رەھىمدىللىكنى بىلىدۇ، پەسەندىلەر مال ــ دۇنيانىلا بىلىدۇ.

## 158

قەدىمكى ئالىملار ئۆزىنىڭ ئەخلاق ــ پەزىلىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلغانىكەن. ھازىرقىلار باشقىلارغا كۆز ــ كۆز قىلىش ئۈچۈن ئىلىم تەھسىل قىلىشىدۇ.

159

ئالىيجانابلار ئېيتقانلىرىنىڭ ئىشلىگەنلىرىدىن كۆپ بولۇپ قېلىشىدىن نومۇس قىلىدۇ.

160

ئالىيجانابلار مۇنداق ئۈچ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىشى كېرەك. مەن بىرىگىمۇ ئەمەل قىلالمىدىم. رەھىمدىل كىشىلەر غەمدىن خالىي بولىدۇ، دانالار قايمۇقۇپ قالمايدۇ، باتۇر كىشىلەر قورقماس كېلىدۇ.

161

باشقىلارنىڭ مېنى بىلمەسلىكىدىن غەم قىلمايمەن، بەلكى ئۆزۈمنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىدىن غەم قىلىمەن.

162

باشقىلارنىڭ قاقتى – سوقتى قىلىشىدىن ئالدىن گۇمانلانمىسا، باشقىلارنىڭ گۇمانلىنىۋاتقانلىقىنى





ئاساسسىز قىياس قىلسا، مۇشۇنداق قاقتى – سوقتى قىلىش ۋە سەممىيەتسىزلىككە قارىتا ۋاقتىدا بايقىيالىسا، بۇمۇ ئاقىل ئەمەسمۇ؟

163

تۇلپارنى ماختىغانلىق ئۇنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ماختىغانلىق ئەمەس، بەلكى سۈپىتىنى ماختىغانلىق.

164

ئاقىللار دۇنيادىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەردىن قېچىپ زاھىت بولۇۋالىدۇ. بىر جايدا بىر مەزگىل پاناھلانغاندىن كېيىن، يەنە بىر جايغا يۆتكىلىپ پاناھلىنىدۇ. يەنە يۆتكەلگەندە باشقىلار سوغۇق چىراي بىلەن قارىسا، يەنە بىر پاناھلانغىلى بارغان جايدا گەپ ئاڭلايدۇ.

165

يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ئەدەپ – قائىدىگە ئەمەل قىلالىسا، پۇقرالارنى باشقۇرمىقى ئاسان بولىدۇ.

بىلەن سۆھبەتلەشمىسە، بىر تالانتلىقتىن قۇرۇق قالىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشمىسىمۇ بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەششە ئېغىزنى ئۇپراتقانلىق. ئاقىل كىشى ھەم تالانتلىقتىن قۇرۇق قالمايدۇ ھەم ئېغىزمۇ ئۇپراتمايدۇ.

## 171

ئىرادىلىك زاتلار ئاچ كۆزلۈكىدىن رەھىمدىللىكىگە نۇقسان يەتكۈزمەيدۇ، ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ئارقىلىق رەھىمدىللىكنى قوغدايدۇ.

## 172

ئەگەر بىر كىشىدە ئۇزۇن مۇددەتلىك پىلان بولمىسا، چوقۇم كۆز ئالدىدىكى ئەندىشىسى بولغان بولىدۇ.

## 173

بولدىلا! مەن پەزىلەتنى ساھىبجامالنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرگەن كىشىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ





باقمىغان.

## 174

زاڭ ۋېنجوڭ خاتا ئەمەلدار بولۇپ قالغان كىشى ئىكەن. ئۇ لىيۇ شياخۇيىنىڭ دانالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئەمەلدارلىققا تەيىنلىمەپتۇ.

## 175

ئۆزى ھەققىدە كۆپرەك ئويلىنىپ، ئۆزىنى ئەيىبلەپ تۇرۇشى، باشقىلارنى ئاز كۆزتىپ ئەيىبلەش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا ئۆچمەنلىك، ئاغرىنىشتىن يىراق تۇرغىلى بولىدۇ.

## 176

بىرەر ئىشقا يولۇقسا «قانداق قىلىمىز، قانداق قىلىش كېرەك؟» دېمەيدىغان كىشىگە نىسبەتەن مەنمۇ قانداق قىلىشنى بىلمەيمەن.

## 177

ئالىيجاناب بولۇش ئۈچۈن ئەدەپ ـ ئەخلاق

پرىنسىپىغا ماس كېلىشى، ئەدەپ ــ يوسۇن بويىچە ئىجرا قىلىشى، كەمتەرلىك بىلەن سۆزلىشى، سەمىمىي پوزىتسىيە بىلەن ئورۇندىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا ھەقىقىي ئالىيجاناب بولالايدۇ.

178

ئالىيجانابلار پەقەت ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەندىشە قىلىدۇكى، ھەرگىز باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشەنمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ.

179

ئالىيجانابلار ئۆلەر ۋاقتى يەتكەندىمۇ كىشىلەر مەدھىيىلىگۈدەك نام ــ ئاتاق قالدۇرالماسلىقىدىن ئەڭ ئەندىشە قىلىدۇ.

180

ئالىيجانابلار سالماقلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، باشقىلار بىلەن دەتالاش قىلمايدۇ، ئەھلى جامائەت بىلەن ئەپ ئۆتىدۇ، باشقىلار بىلەن گۇرۇھ ــ شايكا





تۈزمەيدۇ.

181

ئالىيجانابلار بىر كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئۆستۈرمەيدۇ ھەم بىر كىشىنىڭ پەزىلەتسىزلىكىدىن ئۇنىڭ دۇرۇس سۆزىگە پەرۋاسىز قارىمايدۇ.

182

باشقىلاردىن مەن كىمنى چۆكۈرۈپ، كىمنى ماختىغان؟ ئەگەر ماختىغان بولسام، ئۇ چوقۇم سىناقتىن ئۆتكەن كىشى. شىيا، شاڭ، جۇ ئۈچ سۇلالىدە ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلغان. شۇڭا، بۇ ئۈچ سۇلالە توغرا يولدا ئوڭۇشلۇق ماڭالىغان.

183

مەن يەنە تارىخنامىلەردە شۈبھىلىك مەسىلىلەرنىڭ ئورنىنى بوش قويغان ئەھۋاللارنىمۇ كۆرگەن . ئېتى بارلار ئاۋۋال ئېتىنى باشقىلارنىڭ مىنىشىگە ئارىيەت بېرىدىكەن. بۇنداق ئىشلار ھازىر يوقىلىپ كەتتى.

## 184

شېرىن ــ شەربەت ياغلىما سۆز كىشىنىڭ پەزىلىتىنى خاراب قىلىدۇ. ئەگەر كىچىك ئىشلاردا كەڭ قورساق بولمىساڭ، چوڭ ئىشلىرىڭنى بۇزىدۇ.

## 185

جامائەت يىرگەنگەن كىشىنى چوقۇم تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك. جامائەت ئامراق كىشىنىمۇ ئوخشاشلا تەكشۈرۈپ بېقىش كېرەك.

## 186

كىشىنىڭ ئىقتىدارى ئەخلاقىنىي تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېڭەيتىدۇ، ئەخلاق ھەرگىزمۇ كىشىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇقلىمايدۇ.

## 187

سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ تۈزەتمەسلىك خاتالىق ھېسابلىنىدۇ.





## 188

ئۆگەنگەننى قەرەلىدە تەكرارلاپ تۇرۇش كۆڭۈللۈك ئەمەسمۇ؟ يىراقتىكى دوستۇڭ كەلسە خۇشاللىق ئەمەسمۇ؟ باشقىلارنىڭ چۈشەنمەسلىكىدىن ئاغرىنماسلىق ئالىيجانابلىق ئەمەسمۇ؟

## 189

ئاغزى ــ ئاغزىغا تەگمەي قۇلاققا خۇشياقىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، كىشىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان تەلەت بىلەن يۈرگەن كىشىدە ئانچە ئەخلاق ــ پەزىلەت يوق.

## 190

ئەلنى ئىدارە قىلىشتا قاتتىق، ئەستايىدىل، ئېھتىياتچان، سەمىمىي، ئىشەنچلىك بولۇشى، خىراجەتلەرنى ئىقتىساد قىلىشى، ئەمەلدارلارنى ئاسرىشى، پۇقرالارغا دېھقانچىلىققا چولىسى تېگىدىغان پۇرسەت بېرىشى كېرەك.

191

ياشلار ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ساداقەتمەنلىك بىلەن بويسۇنۇشى كېرەك. ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلغاندا چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئىش قىلغاندا ئېھتىياتچان بولۇشى، سۆزدە سەمىمىي بولۇشى، خەلقنى سۆيۈشى، يېقىنلىرىغا مېھرىبان بولۇشى كېرەك. ئاندىن ئاشقان كۈچىنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىشى كېرەك.

192

ئالىيجانابلار ئەگەر سالاپەتلىك بولمىسا ھەيۋىسى بولمايدۇ، ئۆگەنگەنلىرىمۇ مۇستەھكەم بولمايدۇ، شۇڭا سەمىمىي بولۇپ، گېپىدە تۇرۇشى، ئۆزىدەك پەزىلىتى يوق كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلماسلىقى، خاتالىق سادىر قىلسا، تۈزىتىشتىن قورقماسلىقى كېرەك.

193

ئاتىسى ھايات ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مۇستەقىل





پائالىيەت قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كۆزىتىش كېرەك ئىدى. ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىش كېرەك. ئەگەر ئۇ ئاتىسىنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەخلاق ئۆلچىمىنى ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتمىسە، ئۇنى ساداقەتمەن ئوغۇل دېگىلى بولىدۇ.

194

ئالىيجانابلار تاماقنىڭ مول بولۇشىنى، تۇرالغۇسىنىڭ راھەتلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلمايدۇ. ئىشتا تىرىشچان، چەبدەس، گەپ ـ سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇپ، دائىم ئەخلاقلىق كىشىلەردىن ئۆگىنىدۇ ھەم كەمچىلىكىنى تۈزىتىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن ئوبدان ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

195

باشقىلارنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىدىن ئەنسىرىمەي، ئۆزىنىڭ باشقىلارنى چۈشەنمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەش كېرەك.

## 196

پادىشاھ ئەخلاقى بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلسا، ئۇ گويا تۆمۈر قوزۇق يۇلتۇزدەك ئۆز تەختىدە ئولتۇرالايدۇ، نۇرغۇن يۇلتۇزلارنى ئۆز ئەتراپىدا چۆرگىلىتەلەيدۇ.

## 197

«نەزمنامە»ئۈچ يۈز نەزمىدىن تەركىب تاپقان. بىر ئېغىز گەپكە يىغىنچاقلىغاندا، ئۇنىڭ «مەزمۇنى ساپ» ئەسەر.

## 198

پۇقرالارنى قانۇن ــ تۈزۈم بىلەن ئىدارە قىلىپ، جازا بىلەن كونترول قىلغاندا، پۇقرالار پەقەت جىنايەت سادىر قىلىشتىن ۋاقتىنچە ئامان قالىدۇ. ئەمما، ئۇلاردا خىجالەت تۇيغۇسى بولمايدۇ. پۇقرالارنى ئەخلاق يولىغا كىرگۈزۈپ، قائىدە ــ يوسۇن بىلەن ئىدارە قىلغاندا، پۇقرالاردا خىجالەت تۇيغۇسى شەكىللىنىدۇ ھەم ئۆز خاتالىقىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ.





## 199

مەن ئون بەش يېشىمدا ئىلىم ئۆگىنىشنى ئىرادە قىلغان. ئوتتۇز بەش يېشىمدا قەددىمنى تىكلىدىم. قىرىق بەش يېشىمدا ئۇچراتقان ئىشلاردىن شۈبھىلەنمەيدىغان بولدۇم. ئەللىك يېشىمدا تەقدىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم. ئاتمىش يېشىمدا باشقىلارنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ــ خاتالىقىنى ئايرىيالايدىغان بولدۇم. يەتمىش يېشىمدا خالىغاننى قىلالايدىغان بولدۇم، لېكىن قائىدە ــ تۈزۈمدىن چەتنەپ كەتمىدىم.

## 200

كۇن بويى يەن خۇيغا تەلىم بەردىم. ئۇ ئەزەلدىن غەيرىي پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان. شۇڭا، ماڭا دۆت كىشىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، باشقىلار بىلەن سۆھبەتلەشكىنىگە قارىسام، ئىقتىدارىنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇپتۇ. يەن خۇي ھەرگىز دۆت ئەمەس ئىكەن.

## 201

بىر ئادەمنى چۈشەنمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلغانلىقىغا قارا؛ قەلبىنى چۈشىنەي دېسەڭ، نېمىدىن خاتىرجەم، نېمىدىن بىسەرەمجان ئىكەنلىكىنى كۆزەت. ئاندىن ئۇنىڭ قانداق سىرى بارلىقىنى پەملىيەلەيسەن.

## 202

ئىلگىرى ئۆگەنگەننى تەكرارلاپ، ئۇنىڭدىن يېڭى تەسىرات ۋە پىكىرگە ئېرىشەلىگەن كىشى ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ.

## 203

ئالىيجانابلار سايمان ــ ئۇسكۇنىگە ئوخشاپ قالسا بولمايدۇ.

## 204

ئالىيجانابلار كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىدۇ،





شايكا ــ گۇرۇھ قۇرمايدۇ. پەسەندىلەر شايكا ــ گۇرۇھ قۇرۇپ، كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشمايدۇ.

## 205

كىتاب ئوقۇپلا، پىكىر قىلمىسا قايمۇقۇپ قالىدۇ. تېرەن پىكىر قىلىپمۇ كىتاب ئوقۇمىسا ئازغىشىپ قالىدۇ.

## 206

پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىدئەت تەلىماتلارنى تەتقىق قىلىش خەتەرلىك.

## 207

ھەي! مەن ساڭا نېمىنىڭ بىلىملىكنى ئۆگەتتىمغۇ! بىلىدىم دېگەنلىك بىلگەنلىك، بىلمىدىم دېگەنلىك بىلمىگەنلىك، مانا بۇ ئاقىلانىلىك.

## 208

ۋەدىسىدە تۇرمىغان كىشى قانداق جاھاندارچىلىق

قىلىشنى بىلمەيدۇ. بۇنداق كىشى شوتىسى يوق هارۋىغا ئوخشايدۇ. ئۇنداق هارۋا قانداق ماڭىدۇ؟

209

ئادالەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتمەسلىك قورقۇنچاقلىقتۇر.

210

كىشىدە مېھرىبانلىق بولمىسا، قائىدە — يوسۇننىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى؟ مېھرىبانلىق يوق كىشىگە خۇشاللىقنىڭ نېمە كېرىكى.

211

ئالىيجانابلار تالاشقۇدەك ئىش يوق. ئەگەر تالاش — تارتىش قىلىدىغان بىر ئىشنى كۆرسىتىش زۆرۈر بولسا، ئۇ چوقۇم ئوقيا مۇسابىقىسى. مۇسابىقە بولغانىدىمۇ ئاۋۋال ئۆزئارا تەكەللۇپ بىلەن ئۆتۈنۈشى، ئاندىن مۇسابىقىگە چۈشۈشى كېرەك. مۇسابىقىدىن كېيىن ئۆزئارا ھۆرمەت شارابى تۇتۇشى كېرەك. مۇنداق تالاش —





تارتىش ئالىيجانابلارنىڭ تالاش — تارتىشىدۇر.

212

شىيا سۇلالىسىنىڭ يوسۇنلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن. جى بەگلىكى بۇنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. شاڭ سۇلالىسىنىڭ يوسۇنلىرىنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن، لېكىن سۇڭ بەگلىكىدىكىلەر بۇنى ئىسپاتلىيالمايدۇ. بۇ يۇقىرىقى ئىككى بەگلىكتە كىتابى — دەستۇر ۋە ئاقىللار يېتەرلىك بولسىدى، مەن ئىسپاتلاپ بېرىمەن.

213

ئەجدادلار نەزىرگە ئۆزى بارماي، ئورنىغا باشقىلارنى ئەۋەتىش بارغان ياكى بارمىغاندەكلا پەرقسىز ئىش.

214

ۋەزىر ۋاڭ سۇنگو كوڭزىدىن: «ھوجرا ئىلاھىغا ياخشىچاق بولغاندىن، ئوچاق ئىلاھىغا ياخشىچاق بولغان ياخشى دېگەن تەمسىل نېمە مەنىدە؟» دەپ

سورىغاندا، كۆڭزى: «بۇنداق ئەمەس، تەڭرىنى رەنجىتىپ قويسا، ئىبادەت قىلىدىغان جايمۇ قالمايدۇ ئەمەسمۇ» دېگەنىكەن.

215

جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرى شىيا، شاڭ سۇلالىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ تۈزۈلگەن. ئۇ تەرەققىي قىلغان، مۇكەممەللەشكەن، مەزمۇنى نېمىدېگەن رەڭدار — ھە! شۇڭا، مەن جۇ سۇلالىسىنىڭ يوسۇن — تۈزۈملىرىنى قوۋۋەتلەيمەن.

216

ئوقيا ئېتىش ماھارىتىدە، ئوقنىڭ قارىنى تېشىپ ئۆتكەنلىكىگە قارىۋالماسلىق كېرەك. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ ماغدۇرى باراۋەر ئەمەس، بۇ قەدىمدىن تارتىپ قائىدە.

217

ھەممە ئىشتا ۋەزىرنىڭ يوسۇنى بويىچە پادىشاھنى





كۈتسە، باشقىلار ئۇنى خۇشامەتچىلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىدۇ.

218

قىلىپ بولغان ئىشقا چۈشەنچە بېرىپ ئاۋارە بولما. تاماملانغان ئىشقا نەسىھەت قىلما، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقا ئەيىبلىمە.

219

يۇقىرىدا تۇرغان كىشى قول ئاستىدىكىلەرگە كەڭ قول، سېخىي بولمىسا، قائىدە — يوسۇندا ئىززەت — ئىكراملىق بولمىسا، مۇسىبەت ۋاقتىدا ئازابلانمىسا، بۇنداق قىلىقنى قانداقمۇ نەزەر سالغىلى بولىدۇ؟

220

لىن فاڭ «يوسۇننىڭ ماھىيىتى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، كۆڭزى مۇنداق دېگەن: «بۇ بىر چوڭ مەسىلە، ئادەتتىكى يوسۇن ھەشەمەتچىلىك قىلىپ ئىسراپ قىلغاندىن ئاددىي — ساددا بولغانغا يەتمەيدۇ،

داغدۇغىلىق ماتەم تۇتقاندىن، راست قايغۇرغانغا يەتمەيدۇ.»

221

ئەگەر كىشى ئىنساب، رەھىمدىللىك بار يەردە تۇرسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ. تۇرالغۇ تاللىغاندا ئىنساب، مېھرىبانلىق بىلەن ھېسابلاشمىسا، قانداقمۇ دانا ھېسابلانسۇن؟

222

رەھىمدىل بولمىغان كىشى ئۇزۇن مەزگىل نامراتلىقتا تۇرالمايدۇ، ئەمىنلىك ئىچىدىمۇ تۇرالمايدۇ. رەھىمدىل كىشى خاتىرجەم رەھىمدىللىك قىلالمايدۇ. چۈنكى، رەھىمدىللىك قىلغاندىلا ئاندىن خاتىرجەم بولىدۇ. دانا كىشىلەر رەھىمدىللىكنىڭ ئۆزىگە پايدىلىقلىقىنى تونۇپ يېتىپ رەھىمدىللىك قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار رەھىمدىللىك قىلىشنىڭ ئۆزىگە ئۇزۇن مەزگىلگىچە كاتتا مەنپەئەتى يېتىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن بولىدۇ.





223

رەھىمدىل كىشىلا قانداق سۆيۈش، قانداق نەپرەتلىنىشنى بىلىدۇ.

224

ئەگەر ئادەم رەھىمدىللىك قىلىشقا نىيەت قىلغان بولسا، ھەرگىز ئەسكى ئىش قىلمايدۇ.

225

باي ھەم ئېسىل بولۇشنى ھەممە كىشى ئىستەيدۇ. يوللۇق ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭغا ئېرىشمىسە، ئالىيجانابلار ئۇنى مەقبۇل كۆرمەيدۇ. نامراتلىق ۋە پەسلىكتىن ھەممە كىشى سەسكىنىدۇ، يوللۇق ئۇسۇل بىلەن چۆرۈۋەتمىسە، ئالىيجانابلار قۇتۇلالمايدۇ. ئالىيجانابلار رەھىمدىللىكتىن ئايرىلىپ قانداقمۇ شانۇ شۆھرەتلىك بولىدۇ؟ ئالىيجانابلار بىردەمدىلا رەھىمدىللىككە خىلاپلىق قىلمايدۇ. شۇڭا، ئالدىراش ــ قاتتىلاڭ بولغاندىمۇ چوقۇم رەھىمدىللىك

قىلىش، سەرسانە ـ ئاققۇن بولۇپ كەتكەندىمۇ چوقۇم رەھىمدىللىك قىلىش كېرەك.

226

رەھىمدىللىككە ھەۋەس قىلغۇچىنى كۆرمىگەن كىشى رەھىمسىزدىن يىرگىنىشنىمۇ كۆرمىگەن بولىدۇ. رەھىمدىللىككە ھەۋەس قىلغۇچى رەھىمدىللىكنى بەكمۇ يۇكسەك بىلىدۇ. رەھىمسىزدىن يىرگىنىدىغان كىشى رەھىمدىللىك قىلىدۇ. رەھىمسىزلىك قىلدۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئۇستىگە ئارتىۋالمايدۇ. قېنى، كىم ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى رەھىمدىللىككە بېغىشلايدۇ؟ مەن رەھىمدىللىك قىلغۇسى بولسىمۇ، قۇۋۋىتى يەتمىگەن كىشىنى ئۇچراتمىغان. بار دېگەندىمۇ مەن ئۇچراتمىدىم، خالاس.

227

كىشىلەرنىڭ خاتالىقىشى ئوخشاش بولمىغان خاراكتېرگە تەۋە. ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ رەھىمدىللىكىنىڭ قانداقلىقىنى





بىلگىلى بولىدۇ.

228

سەھەردە ئېرىشكەن ھەقىقەت شۇ كەچتە ئۆلگۈچى ئۇچۇنمۇ قىممەتلىك.

229

تالىپ كىشى تەرىقەتكە ئىرادە قىلسىمۇ، ئەسكى چاپان، زاغرا نېنىدىن خىجىل بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تەرىقەت ھەققىدە سۆھبەت قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

230

ئالىيجانابلار ئالەمدىكى ئىشلارغا قارىتا، چوقۇم قانداق بولۇش ـ بولماسلىقىدىن خالىي بولىدۇ. شارائىتقا قانداق ماسلىشىش كېرەك بولسا شۇنداق قىلىدۇ.

231

مەن پۈتۈن كۈن غىزالانماي، ئۇخلىماي پىكىر

يۇرگۈزگەنىدىم، پايدىسى يوق ئىكەن، يەنىلا ئىلىم تەھسىل قىلغانغا يەتمەيدىكەن.

232

ئالىيجانابلار كۈچىنى ئەدەپ ـ تەربىيەت ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىدۇكى، روزىغار ئۈچۈن تۈتۈنمايدۇ. تىرىكچىلىك قىلغاندا چوقۇم ئاچ قالىدىغان چاغلار بولىدۇ. ئەدەپ ـ تەربىيەت ئۆگەنسە ئەمەلدار بولۇپ، مائاش ـ تەمىناتلىق بولىدۇ. ئالىيجانابلار ئەدەپ ئۆگىنەلمەسلىكىدىن ئەندىشە قىلىدۇكى، نامراتلىشىپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلمايدۇ.

233

ئەقىل ـ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئەمەلدار بولغىلى بولىدۇ. ئەگەر رەھىمدىللىكى بىلەن ئەمەلىنى قوغدىمىسا، ئېرىشكەن ئەمەلىدىنمۇ قۇرۇق قالىدۇ. ئەقىل ـ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئەمەلدار بولسا ھەم رەھىمدىللىكى بىلەن قوغدايدۇ. لېكىن ئەستايىدىل





پوزىتسىيە بىلەن پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلمىسا، پۇقرالار ھوقۇقدارلارنىمۇ ھۆرمەت قىلمايدۇ. ئەقىل ـ ئىقتىدارىغا تايىنىپ ئەمەلدار بولسا رەھىمدىللىكى بىلەن ساقلاپ قالسا، ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن پۇقرالارغا مۇئامىلە قىلىدۇ. بىراق، ئەدەپ ـ يوسۇنغا ماس كەلمەيدىغان قىلىقلار بىلەن پۇقرالارنى ئىدارە قىلسا بۇمۇ مۇكەممەل بولالمايدۇ.

234

ئالىيجانابلار كىچىك ئىشلاردىن ئۇنى كۆزىتىشكە ھەم مۇھىم ۋەزىپىگە قويمايدۇ. پەسەندىلەرنى مۇھىم ۋەزىپىگە قويۇشقا ھەم كىچىك ئىشلاردىن كۆزىتىشكە بولمايدۇ.

235

پۇقرالارنىڭ رەھىمدىللىككە بولغان تەلپى سۇ بىلەن ئوتقا بولغان ئېھتىياجدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. مەن دەسسەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن ئادەمنى كۆرگەن.

رەھىمدىللىك ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى كۆرمىدىم.

236

رەھىمدىللىككە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۇستازىغا ئۆتۈنۈشىنىڭ ھاجىتى يوق.

237

ئالىيجانابلار بۈيۈك ئېتىقادنى قوغلىشىدۇ، كىچىككىنە ئىناۋەت بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيدۇ.

238

بەگ ـ خانلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغاندا، بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

239

مەن ھەربىر كىشىگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىمەن ھەم باي ـ كەمبەغەل، ئاقسۆڭەك، پەس دەپ پەرقلەندۈرمەيمەن.





240

پىكىر تەشەببۇسى ئوخشاش بولمىسا، پىكىرلىشىپ مۇزاكىرىلەشكىلى بولمايدۇ.

241

قىلغان سۆز مەنىسىنى ئېنىق ئىپادىلىيەلىسىلا بولدى.

242

ئالەم ئەمىن بولسا ئەدەپ ـ يوسۇن تۈزۈش، جازا يۈرۈش قىلىش دېگەنلەرنى تەڭرىقۇت بەلگىلەيدۇ. ئەگەر ئالەم ئەمىن بولمىسا، ئەدەپ ـ يوسۇن تۈزۈش، جازا يۈرۈش قىلىش بەگلەرنىڭ قولىغا قالىدۇ. بەگلەرنىڭ قولىدا ئون ئەۋلاد ئەتراپىدا داۋاملىشىپ يوقىلىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ قولىغا قالسا كۆپ بولغاندا بەش ئەۋلاد داۋاملىشىدۇ. ئەگەر بەگلەرنىڭ يۈندىخورلىرى ئەلنىڭ تەقدىرىنى قولىغا ئېلىۋالسا، ئاران ئۈچ ئەۋلاد داۋاملىشار. ئالەم ئەمىن بولسا ئەلنىڭ ھوقۇقى

ئۆلىمالارنىڭ قولىغا قالمايدۇ. ئالەم ئەمىن بولسا پۇقرالار سىياسىي ھەققىدە مۇنازىرە قىلمايدۇ.

243

ئەلنىڭ ھاكىمىيىتى ئوردىدىكىلەرنىڭ قولىدا يوقالغىلى بەش ئەۋلاد بولدى. ھاكىمىيەت ئۆلىمالارنىڭ قولىغا چۈشكىلى تۆت ئەۋلاد بولدى. شۇڭا، يۈەن گۇڭ بەگنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ھازىر زەئىپلىشىپ كەتتى.

244

پايدىلىق بۇرادەر ئۈچ خىل بولىدۇ. زىيانلىق بۇرادەرمۇ ئۈچ خىل بولىدۇ. دۇرۇس، سەمىمىي، كۆپنى كۆرگەن، ئىلمى مول كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىش پايدىلىق؛ ساختىپەز، خۇشامەتچى، سۆزى شېرىن ــ شېكەر كىشىلەر بىلەن ئۇلپەتلىشىش زىيانلىقتۇر.

245

پايدىنىڭ خۇشلۇقى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. زىياننىڭ خۇشلۇقىمۇ ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ. خۇشاللىققا





ئېرىشتۈرىدىغان ئەدەپ ــ يوسۇن، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى مەدھىيىلەش، ئاقىل ــ پازىللار بىلەن كۆپرەك ئۇلپەتلىشىش خۇشاللىقى پايدىلىق؛ مەغرۇر بەتقىلىقنى خۇشاللىق بىلىش، شەھۋەت ــ ھېسسىياتنى خۇشاللىق بىلىش، يەپ ــ ئىچىشنىلا خۇشاللىق بىلىشنىڭ ئۆزى زىيانلىقتۇر.

246

ئالىيجانابلارغا ھەمراھ بولغاندا مۇنداق ئۈچ سەۋەنلىكنى ئاسان سادىر قىلىپ قويىدۇ، يەنى ئۆزىگە نۆۋەت كېلىپ بولغۇچە گەپ قىستۇرۇپ سالىدۇ، بۇ ئالدىراڭغۇلۇقتۇر. سۆزلەش نۆۋىتى ئۆزىنىڭ بولسىمۇ گەپ قىلماسلىق يوشۇرغانلىقتۇر، قارشى تەرەپنىڭ تەلەتىگە باقمايلا يېنىكلىك بىلەن ئېغىز ئېچىپ قويۇش قارىغۇلۇقتۇر.

247

ئالىيجانابلار مۇنداق ئۈچ ئىشتىن ساقلىنىشى كېرەك، يەنى ياش ۋاقتىدا قېنى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا

ئاياللارغا بېرىلىشتىن ساقلىنىش كېرەك. قۇران ۋاقتىدا جېدەل ـ ماجىرادىن ساقلىنىش كېرەك، ياشانغاندا تومۇرى ئاجىزلاپ قالىدۇ، شۇڭا ئاچ كۆزلۈكتىن ساقلىنىش كېرەك.

248

ئالىيجانابلار تەقدىرىدىن، پەزىلەتلىك كىشىدىن، ئەۋلىيالاردىن ھېيىقىدۇ. پەسەندىلەر تەقدىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەچكە ھېيىقمايدۇ، پەزىلەتلىك كىشىنى ھۆرمەتلىمەيدۇ، ئەۋلىيالارغا داغ تەگكۈزىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ.

249

تۇغما بىلىملىك كىشى مۇنەۋۋەر كىشىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسا، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارقىلىق بىلىملىك بولغان كىشىلەر؛ ئۇنىڭدىنمۇ قالسا، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلار؛ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىمۇ يەنىلا ئۆگەنمەيدىغانلار بولسا پەسەندە كالۋادۇر.





250

ئالىيجانابلار مۇنداق ئەھۋالدا ئويلىنىشى كېرەك. ئاڭلىغاندا ئېنىق ئاڭلىغان ـ ئاڭلىمىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك؛ چىراي ئىپادىسىنىڭ مۆلايىم ـ مۆلايىم ئەمەسلىكىگە قاراش كېرەك؛ ھەرىكەت ـ رۇخسارىنىڭ ئۆلچەملىك ـ ئۆلچەملىك ئەمەسلىكىنى ئويلاش كېرەك؛ گەپ ـ سۆزدە سادىق، سەممىي بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك؛ خىزمەت پوزىتسىيىسىنىڭ ئەستايىدىل بولغان ـ بولمىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك؛ شۈبھىلىك ئىشقا يولۇققاندا، باشقىلاردىن قانداق مەسلىھەت ئېلىشنى ئويلاش كېرەك؛ ئاچچىقلىغاندا نېمە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئويلاش كېرەك؛ قولغا ئېلىنىدىغاننى كۆرگەندە، ئۇنىڭغا ئېرىشىش بىلەن ئەدەپ ـ قائىدىگە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلاش كېرەك.

251

ئاق كۆڭۈل ئادەمنى كۆرگەندە، گويا

بېتىشەلمەيدىغاندەك كۆچەپ قوغلىشىش كېرەك. رەزىل ئادەمنى كۆرگەندە، قايناق سۇغا قول تىققاندەك، ئۆزىنى تېز تارتىش كېرەك. مەن مۇشۇنداق كىشىنى كۆرگەن، مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان. زاھىت بولۇش ئارقىلىق ئۆز ئىرادىسىنى ساقلاپ قېلىپ، مەردلىك بىلەن ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. مەن مۇشۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان، ئەمما مۇشۇنداق كىشىلەرنى كۆرمىگەن.

252

كىشىلەرنىڭ مىجەزى ئاساسەن ئوخشاش، ئوخشاش بولمىغان ئادەت ئۇلارنىڭ مىجەزىنى پەرقلەندۈرۈپ قويغان.

253

ئەڭ ئەقىللىق كىشىلەر بىلەن ئەڭ كالۋا كىشىلەرلا مىجەزىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.

254

تالىپى زى جاڭ كۇڭزىدىن قانداق قىلغاندا





رەھىمدىل بولغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، كۇڭزى: «ئالەمدە مۇنداق بەش تۈرلۈك پەزىلەتنى يولغا قويالىغان كىشى رەھىمدىل بولىدۇ، يەنى سالماق، كۆڭلى كۆكسى كەڭ، سەمىمى، ئىشچان، ساخاۋەتچى بولغاندا ھاقارەتكە ئۇچرىمايدۇ. كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ بولغاندا ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ، سەمىمي بولغاندا باشقىلار خىزمىتىگە قويىدۇ. ئىشچان بولغاندا يۇقىرى خىزمەت ئۈنۈمىگە ئېرىشەلەيدۇ. مېھرىبان، ساخاۋەتچى بولغاندا، ئاسانلا باشقىلارنى مايىل قىلالايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

255

ئالتە تۈرلۈك پەزىلەتنىڭ ئۆزىگە خاس نۇقسانلىرى بار. رەھىمدىللىكنى سۆيگەنلەر ئىلىمنى سۆيمەيدۇ. ئۇنىڭ نۇقسانى شۇكى، ئاسانلا كىشىلەرگە ئەخمەق بولىدۇ. ئەقىللىق بولۇشنىلا ئويلاپ ئىلىمنى سۆيمىسە، لايغەزەل، قامغاقتەك بولۇپ قالىدۇ. سەمىمي بولۇشنىلا ئويلاپ ئىلىمنى سۆيمىسە، ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. تۈز بولۇشنىلا ئويلاپ ئىلىمنى

سۆيمىسە، سۆزى تىكەندەك، زاكۇن بىلمەس بولۇپ قالىدۇ. باتۇر بولۇشنىلا ئويلاپ ئىلىمنى سۆيمىسە، ئاسانلا ئالىتوپىلاڭ چىقىرىدىغان بولۇپ قالىدۇ. يۈرەكلىك بولۇشنىلا ئويلاپ ئىلىمنى سۆيمىسە، قاپ يۈرەك، ھارامزادە بولۇپ قالىدۇ.

256

تالىپلىرىم، سىلەر نېمىشقا «نەزمنامە» نى ئوقۇپ، تەتقىق قىلمايسىلەر؟ شېئىرىيەت — نەزم ئۆگەنسە، كىشىنىڭ ئىرادىسى ئۇرغۇيدۇ. كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارى ئۆسىدۇ. كىشىلەرنى ئۇيۇم قىلىپ، قەلبىدىكى داۋالغۇشنى ھېسسىياتلاندۇرىدۇ. بۇرۇننىڭ ئۇچىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەتتىكى قائىدىلەر ئارقىلىق ئاتا — ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى بولىدۇ. يىراقتىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەتتىكى قائىدىلەر ئارقىلىق بەگ — پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى بولىدۇ، يەنە تېخى تەبىئەتتىكى جانلىقلارنىڭ نامىنى كۆپرەك بىلگىلى بولىدۇ.





257

ئەدەپ دېگەن مۇراسىملاردىكى بېزەكلەرمۇ؟ ساز دېگەن مۇراسىملاردىكى دۇمباقمۇ؟

258

سىرتتىن قاراشقا كۈچلۈكتەك، ئىرادىسى ئاجىز كىشىنى پەسەندىلەرگە تەمسىل قىلساق، تام تېشىدىغان ئوغرىغا ئوخشايدۇ.

259

كۆڭۈل ئاغرىشتىن ئەنسىرەپ، ھەق — ناھەقنى ئايرىماي، ھەممىگە ماقۇل دەپ يۈرگۈچىلەر ئەخلاق — پەزىلەتكە زىيانكەشلىك قىلغۇچىلاردۇر.

260

بىر پەسكەش پەسەندە بىلەن بىرگە بەگ — پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغىلى بولامدۇ؟ پەسەندە ئەمەلدار بولمىغاندا، ئەمەلدار بولالماسلىقىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمەلدار بولغاندا ئەمىلىدىن چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمىلىدىن چۈشۈپ كەتكەندە،

ھەرقانداق قەبىھ ۋاستىلەرنى ئىشلىتىشتىن يانمايدۇ.

## 261

قەدىمكى كىشىلەردە ئۈچ خىل ئىللەت بار ئىكەن. بۇ ئۈچ ئىللەت بەلكىم ھازىر يوقالغاندۇ! قەدىمكى سەۋدايىلار ئاغزىغا كەلگەننى دەپتىكەن، ھازىرقى سەۋدايىلار بولسا يۈگەنسىز ئاساۋ بولۇپ كەتتى. قەدىمكى مەنمەنچىلەر سۈر ــ ھەيۋىلىك ئىكەن. ھازىرقى مەنمەنچىلەر بولسا مۇتتەھەم بولۇپ كەتتى. قەدىمكى دۆتلەر ساددا خىيالدا بولسا، ھازىرقى دۆتلەر ھىيلىگەر، مەككار بولۇۋالدى.

## 262

ئىغىزىدا شېرىن ــ شېكەر سۆز، چىرايىدا خۇشامەت كۈلكىسى يېغىپ تۇرىدىغان كىشىدە رەھىمدىللىك كەم تېپىلىدۇ.

## 263

ئاق كۆڭۈل كىشىلەر ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ ئىزىنى دەسسەپ ماڭمايدۇ، ئىلىم بىلەن پەزىلەتمۇ ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ.



مەجمۇئە ئىسمى: مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئېيتقانلىرى مەجمۇئەسى
كىتاب ئىسمى: كۆكرى مۇنداق دەيدۇ
پىلانلىغۇچى: مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830000
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت: شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 32/1
باسما تاۋىقى: 3 باسما تاۋاق
خەت سانى: 51 مىڭ خەت
نەشرى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-80744-435-0
باھاسى: 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ)